مۇۋەپپەقىيەت دەستۇرى مەجمۇئەسى

سپېنسېر جونسون (ئامېرىكا)

# بالام، نېمىشقا گەپ ئاڭلىمايسەن

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

مۇۋەپپەقىيەت دەستۇرى مەجمۇئەسى

سپېنسېر جونسون ( ئامېرىكا )

# بالام، نېمىشقا گەپ ئاڭلىمايسەن

تەرجىمە قىلغۇچى : نىلۇفەر ئابدۇرېھىم



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

# ئاپتور ھەققىدە

دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالقىشقا ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشكەن يازغۇچىلارنىڭ بىرسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇنۇمى ئالاھىدە بولغان خىزمەت قوللانمىسى ۋە تەربىيەلەش قوراللى بولۇش سۈپىتىدە، دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار كارخانىلار ۋە داڭلىق تەشكىلاتلار تەرىپىدىن ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلمەكتە، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر پايدىلانماقتا.

جونسون دوكتور تەسىرلىك ھېكايىلەر ئارقىلىق ئەمەلىي بىلىملەرنى سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ جانلىق بولغان مەسەللەر ئۇسلۇبى ئادەمنى رىغبەتلەندۈرۈپ، كىشىگە ئىلھام بەرگەچكە، كىشىلەر تەرىپىدىن «مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە ئەڭ ئاددىي ۋە ئۇنۇملۈك بولغان ھەل قىلىش لايىھەسىنى تېپىشقا ماھىر كىشى» دەپ تەرىپلەنگەن.

ئۇنىڭ «بىر مىنۇتلۇق دىرېكتور»، «كىم مېنىڭ پىشلىقىمغا چېقىلدى»، «سوۋغات»، «بالام، سىز بەك قالتىس جۇمۇ!»، «بالام، نېمىشقا گەپ ئاڭلىمايسەن»، «تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولۇر»، «ئۆزىڭىزگە بىر مىنۇت ۋاقىت ئاجرىتىڭ»، «بىر مىنۇتلۇق مۇئەللىم» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار بولۇپ، دائىم «نىيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»، «نەشرىياتچىلار ژۇرنىلى» قاتارلىق داڭلىق گېزىت - ژۇرناللار بىلەن تەڭ ئوروندا تۇرىدۇ ھەمدە CNN، BBC، «دەۋر»، «سودا ژۇرنىلى»، «نىيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»، «ئوقۇرمەنلەر»، «ۋول كوچىسى گېزىتى»، «بايلىق»، «بۈگۈنكى ئامېرىكا» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا دائىم

بېسىلدۇ. نۆۋەتتە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 47 خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيا بويىچە تىراژى يۈز مىليوندىن ئاشقان كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان رېكورتنى ياراتتى!

ھازىر سىپىنسىن جونسون دوكتور، خارۋارد سودا ئىنستىتۇتىدا خىزمەت قىلىۋاتقان بولۇپ، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى كىنىندى سىياسىي ئىنستىتۇتى مەمۇرىي باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ مەسلىھەتچىسى.

# ئوقۇرمەنلەرگە

ئۆزۈڭلارنىڭ ئاتا - ئانا بولۇش تەجرىبەڭلاردىن شۇنى ھېس قىلالايسىلەركى، بىر ياخشى ئاتا - ئانا بولۇشنى قىسقىغىنا بىر مىنۇتتىلا تاماملاپ بولغىلى بولمايدۇ.

بىراق، سىز مەلۇم خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق بالىڭىز بىلەن پىدىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، پەقەت قىسقىغىنا بىر مىنۇت ئىچىدىلا، بالىڭىزنىڭ ناھايىتى تېزلا ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشىگە ھەمدە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ياخشى بالا بولۇشىغا ياردەم قىلالايسىز.

ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇسۇللار ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، سىز دەماللىققا بۇ ئۇسۇللارنىڭ ھەقىقەتەن ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەي قالىسىز.

ئۇتۇق قازانغان ئاتا - ئانىلارغا ئوخشاش، بۇ ئۇسۇللارنى سىناپ بېقىشىڭلار كېرەكتۇ، كىتابتا تونۇشتۇرۇلغان ئۈچ خىل پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەتقىق قىلىپ، ئائىلىڭىزدە بىر ئاي قوللىنىپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۈنۈملۈك بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىغا يەكۈن چىقىرىڭ.

سىلەر بالىلىرىڭلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىدە ئىلگىرىلەش بارلىقىنى بايقايسىلەر. بالىلىرىڭلارنىڭ ئۇلاردىن ئۆزلىرىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرگە نىسبەتەن قانداق ھېسسىياتتا كەلگەنلىكىنى سوراپ بېقىڭلار. شۇ چاغدىلا سىز بۇ ئۇسۇللارنىڭ ئۈنۈملۈك بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىغا ھۆكۈم چىقارسىڭىز بولىدۇ.

مەن شۇنداق ئۈمىد قىلىمەنكى، سىزمۇ مەن ۋە بۇ ئىشنى سىناپ باققان باشقا ئاتا - ئانىلاردەك مۇنداق بىر يەكۈنگە كېلىسىز: مەيلى بالىلارنىڭ ياكى ئاتا - ئانىلارنىڭ نۇقتىسىدىن قارايلى، بۇ ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئۈنۈملۈكتۇر!

سپېنسىر جونسون

## مۇندەرىجە

بالام، ئېمىشقا گەپ ئاڭلىمايسەن........................1
تەنقىدىمىز بالىلارغا ئازار بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈندۇر........................7
سىز ئاڭلاشنى خالىسىڭىزلا، بالا ھەممىنى سىزگە ئېيتىپ بېرىدۇ........................21
بالا كۆرسەتكەن ئىرىشچانلىقنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز كېرەك........................34
ئەمەلىي بولغان نىشان بالىدا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچنى تىكلەيدۇ........................46
ئىلغارلىق تەربىيەلەشتىن كېلىدۇ........................60
بالىلار ئاتا - ئانىنىڭ ئەينىكى........................64
نىشاننى قانداق تىكلەش كېرەك؟........................73
بالىنى قانداق ماختاش كېرەك؟........................79
بالىنى قانداق تەنقىد قىلىش كېرەك؟........................92
بالىغا ئەڭ ياخشى سوۋغا بېرىش........................110



# بالام، نېمىشقا گەپ ئاڭلىمايسەن

كەسپتە ناھايىتى ئۇتۇق قازانغان بىر ئەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭ ناھايىتى گاڭگىراپ قالغانلىقىنى، بۇ خىل گاڭگىراپ قېلىشىنىڭ خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل داۋاملاشقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ مەلۇم بىر يېڭى مەسىلىگە يولۇققاندا، ناھايىتى تېزلا ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىشۋالاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بۇ خىل گاڭگىراشنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ.

ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ ئۇنىڭ ئايالىنىڭ تۇيۇقسىز ۋاپاتىدىن بولغانلىقىنى بايقىدى. بۇ ئۇنىڭ بۇندىن كېيىن ئۆزى يالغۇز بەش بالىنى باقىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

باللارنى تەربىيەلەشتە ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئەزەلدىن كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشاتتى. يەنى ئايالى مېھرىبان ئانىنىڭ رولىنى ئوينىسا، ئۇ قاتتىق قول (تەلەپچان) دادىنىڭ رولىنى ئۆتەيتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاتا ـ ئانىسىدىن ئۆگەنگەنىدى.

بۇرۇن ئۇ ئۆزى بىلەن ھەمىشە بىللە بولىدىغان بۇ بەش بالىنى تەربىيەلەشنىڭ بۇنچىۋالا تەسلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئەسلىدە ئايالى ھۆددىسىدىن چىقىدىغان مەسئۇلىيەت ھەقىقەتەن ئېغىر ئىكەن.

ھازىر، ئۇ ئايالىنىڭ نېمىشقا دائىم قاقشايدىغانلىقىنى چۈشەندى.

باللار بىلەن بىللە بولىدىغان ۋاقىتىنىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇن ياخشى دادا بولالمىغانلىقىنى، باللىرىغا ناھايىتى سەل قارىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇرۇن ئايالىنىڭ دائىم ئۇنىڭغا باللاردىن ناھايىتى ئەنسىرەيدىغانلىقى، باللارنىڭ توغرا يولدىن چەتنەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانلىقىنى ئېيتقىنى ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى، بىراق دادا بولغان ئۇ بۇ ئىشلارغا قىلچىمۇ ئېرەن قىلمىغانىدى.

ئايالىنىڭ بۇرۇن قىلغان بارلىق ئىشلىرىنىڭ ناھايىتى تەسلىـ

كىنى ئۇ ئەمدى ھېس قىلغانىدى. ئۇ، ئەينى ۋاقىتتا بالىلارنى تەربىيەلەشتە ئۆزئارا ماسلاشقان بولسا، ئەھۋالنىڭ ھازىرقىدىن ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئويلىدى.

ئايالى كەتتى، بالىلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن جېدەل - ماجىرانى ھەل قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئەمدى ئۇ ئۆزى يالغۇز ھەل قىلاتتى. ئۇ بالىلارنى كۆزىتىشكە باشلىدى.

نەتىجە ئۇنى ناھايىتى ھەيران قالدۇردى. ئەسلىدە ئايالى ئۇنىڭ غەم قىلماسلىقى ئۈچۈن، دائىم ئۇنىڭ ئالدىدا بالىلارنىڭ كەپسىزلىكلىرىنى يوشۇرغانىكەن. بەلكىم، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى بالىلارنى ھامىيسىغا ئېلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك!

ئۇ بالىلارنى كۆزەتكەنسېرى، بالىلىرىنىڭ ناھايىتى يولسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۇلارغا قىلغان بارلىقى ئۈچۈن، بالىلار قىلچىمۇ مىننەتدار بولمايتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن غەلىتىلىك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەجەبا، ئۇلاردىمۇ ئاتا - ئانىلىرىغا ئوخشاش گاڭگىراش بارمىدۇ؟

ئىلگىرى ئۇ خىزمەتتە ئالدىراش بولغانلىقتىن، باشقىلارغا نىسبەتەن كېچىكىپ توي قىلغانىدى. بىراق، ئۇ كېچىكىپ توي قىلىشىنىڭ بالىلار بىلەن بولغان ئارىلىقنى بۇنچىۋالا چوڭايتىۋېتىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

ئۇ، بارلىق بالىلار مۇشۇنداق بولامدىغاندۇ؟ بالىلىرىم قاچاندىن بېرى مۇشۇنداق بولۇپ قالغاندۇ؟ ئۆزگىرىش جەريانىدا يەنە قانداق بولار؟ دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بۇ دادا يەنە يېڭى بىر مەسىلىگە دۇچ كەلدى. يەنى ئائىلىدە ناھايىتى ئېغىر ئىش (مەسىلە) يۈز بەردى. بۇرۇن ئۇ كىتاب ۋە گېزىتلەردىلا بۇ خىلدىكى ئىشلارنى ئوقۇيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ ھەممىسى باشقىلارنىڭ ئائىلىسىدە يۈز بېرەتتى.

ئۇ بۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم تېلېۋىزور ۋە گېزىتلەردىكى

خەۋەرلەرگە دىققەت قىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل شۇم خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلدى. سىرتتا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئۇ ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايتتى. ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى مەسىلىلىرى، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، ئىنتېرنېت ئامانلىقىنى بۇزۇش، ھەتتا يەنە زوراۋانلىق جىنايىتى ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش قاتارلىقلار كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلاشماقتا ئىدى. بۇ ئىشلار ئۇنى خاتىرجەمسىز قىلىپ قويغانىدى.

ئىلگىرى ئۇ بۇلارنى ئويلىماسلىقتا ئۇرۇنۇپ باققان ئىدى، بىراق بالىلارنىڭ سىرتتا دائىم كەچ قىلىشى، سىرتقا چىقىشىنىڭ كۆپىيىپ قالغانلىقىنى بايقىغىنىدا ئۇ تەبىئىيلا كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىش مەسىلىسىنى ئويلاپ قالغانىدى.

ئۇ ياشلار - ئۆسمۈرلەر مەسىلىلىرى ئۈستىدە چىقىرىلغان ئوبيېكتىپ ئىستاتىستىكىلىق سانلارنى بىلگىنىدە، ماڭا ئوخشاش تەشۋىشلەنگەن نۇرغۇنلىغان ئاتا - ئانىلار باردۇ، دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللىي بېرىدۇ. ھەربىر ئائىلىدە ئۆزىگە تۇشلۇق قىيىنچىلىق باردە.

بىراق، ئۇ بالىلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ قول قوشتۇرۇپ تۇرسا بولمايدۇ. ئۇ بالىلىرى ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىش نىيىتىگە كەلدى. بىراق قانداق قىلىش كېرەك؟ نەدىن باشلاش كېرەك؟

ئەزەلدىن ئائىلە ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ باقمىغان بۇ دادا ئۆزىنىڭ ئائىلىسىگە باشقىدىن سەپسېلىشقا باشلىدى. نەتىجىدە ئۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تېپىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى.

«بالىلارغا باشتىن - ئاخىر سەل قاراپتىمەن»، «ئۇلار ھازىر قېلىپتىن چىقىپ كەتتى، بۇنىڭ ئۇلارغا ۋە ماڭا قىلچىمۇ پايدىسى



يوق» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇ بىر نىيەتكە كېلىپ «باللىرىمنى تېخىمۇ قاتتىق باشقۇرۇشۇم كېرەك» دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ ئويلىغىنى توغرا ئىدى. باللار ھەقىقەتەن قاتتىق باشقۇرۇشقا موھتاج ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كۈچىنىڭ بارىچە ئۇلارنى قاتتىق باشقۇرىدىغان بولدى.

باشتا، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىغا ئوخشاش، كونا ئۇسۇل بويىچە باللارنى باشقۇردى. بىراق ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۆزىنىڭ ناھايىتى ھېرىپ قالغانلىقىنى، باللارنىڭ ھەرىكەتلىرىدە ۋاقىتىنچە ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ مەسىلىلەرنى تونۇشىدا قىلچىمۇ ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. كۆرۈنۈشتە بۇرۇنقىغا قارىغاندا گەپ ئاڭلىغاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە پەقەتلا قايىل بولمىغان بولۇپ، ئاغرىنىش كەيپىياتى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى.

ئائىلىدىكى بۇ خىل جىددىي كەيپىيات بۇ دادىنى تېخىمۇ گاڭگىرىتىپ قويدى. نېمىشقا ئۇ تىرىشقانسېرى، ئىشلار تېخىمۇ ئوساللىشىدۇ؟

ئۇ قانداق قىلىشنى پەقەتلا بىلمىدى. بىراق، تۇرمۇشنىڭ باشقا ساھەلىرىدە، ئۇ بۇنداق قىيىن مەسىلىلەرگە دائىم ئۇچراپ تۇراتتى. ھەر قېتىم ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھالدا ھەل قىلىش چارىسىنى تاپاتتى. شۇڭا، ئۇ قىلچىمۇ مەيۇسلەنمەي، نۇرغۇن قېتىم سىناقلاردىن ئۆتكەن ئۇسۇل — مۇتەخەسسىسلەردىن تەلىم ئېلىش ئارقىلىق جاۋابقا ئېرىشمەكچى بولدى.

## تەنقىدسىز بالىلارغا ئازار بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈندۇر

بۇ دادا ئائىلە مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر پسىخولوگىيە دوختۇرىنى زىيارەت قىلدى. دوختۇر ئۇنىڭغا قەھۋە قۇيۇۋاتقان چاغدا، ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇردى ھەمدە «پەقەتلا ئاڭقىرالماي قالدىم، مەن نېمىشقا تىجارىتىمنى باشقۇرغانغا ئوخشاش، ئائىلەمنى ياخشى باشقۇرۇپ بولالمايمەن» دېدى.

دوختۇر ئۇنىڭغا «مەن سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىزنى چۈشىنىمەن» دېدى. ئاندىن، ئاھايىتى سالماقلىق بىلەن: «سىز نېمىشقا چوقۇم ئائىلەمنى باشقۇرىمەن دەيسىز؟» دەپ سورىدى.

بۇ دادا سوكۇتتە تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇ بۇ مەسىلىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ ئەزەلدىن ئائىلىنى باشقۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ ئويلايتتى. ئۇ دوختۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان چاغدا ئۆزىدىمۇ ئوخشاش گۇماننىڭ پەيدا بولغانلىقىنى بايقىدى ھەمدە مەسىلىنىڭ تۈپ نېگىزىنى چۈشىنىشكە باشلىدى.

«سىزنىڭچە تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ قايسىسى سىزگە ئاسان توختايدۇ؟ بىرىنچىسى، سىز بالىلىرىڭىزنىڭ تۇرمۇشىنى باشقۇرىسىز؛ ئىككىنچىسى، بالىلىرىڭىز ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزى باشقۇرىدۇ» دەپ سورىدى دوختۇر.

«مەن بالىلىرىمنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا توغرا ھۆكۈم چىقارسا دەپ ئويلايمەن. مېنىڭ بۇ ئويۇم باشقا بارلىق ئاتا ـ ئانىلارنىڭكىگە ئوخشاش، بالىلارنىڭ خۇشال ئۆتۈشىنى ھەمدە چوڭ بول-

غاندىن كېيىن ئۆز ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن».

«سىزدىكى ئەڭ نېگىزلىك مەسىلە نېمە؟» دەپ سورىدى دوختۇر.

«باشقۇرۇش» دەپ جاۋاب بەردى دادا. «مەن ھەتتا ئۇلارنى مەن ئۈچۈن بولسىمۇ بىر ئاز ئەدەپلىك قىلغۇزالمىدىم. ئۇلارنىڭ خۇشال ئۆتۈشىدىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ» دېدى.

«سىز، ئۈچۈن ئەدەپلىك بولۇشمۇ؟» دەپ سورىدى دوختۇر.

«بولدى، بولدى» دېدى، دادا ئىلاجسىزلىقتىن تەسلىم بولۇپ: «ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن».

دوختۇر كۈلۈپ كەتتى. ئۇ بۇ دادىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. «مەنمۇ دادا، مەنمۇ سىزگە ئوخشاش بۇ ئىشلارغا يولۇققان. بىراق مەن ناھايىتى تېزلا بالىلارنى باشقۇرالايدىغان بىر خىل ئۇسۇلنى بايقىدىم. بۇ ئۇسۇلغا ۋاقىتمۇ ئاز كېتىدۇ. يەنە تېخى مۆجىزە يارىتالىدۇ» دېدى دوختۇر.

دادا بۇنىڭغا ناھايىتى قىزىقتى. ئۇنىڭ يۈزلىرىدە گاھ ئۈمىد، گاھ گاڭگىراش جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

«ھازىرغا قەدەر، مەن بالىلىرىم ئۈچۈن ھېچقانچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ باقمىغان بولۇشۇم مۇمكىن» دېدى ئۇ سەمىمىيلىك بىلەن. «قانچىلىك ۋاقىت كېتىشى بىلەن كارىم يوق، پەقەت مەن ۋە بالىلىرىمغا ياردىمى بولسىلا بولدى. مەن ئائىلىمىزدىكى ئەھۋالنىڭ ياخشىلىنىشىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن.»

«بالىلىرىڭىزنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشىڭىز، مېنى قايىل قىلدى. قىسقىغىنا ۋاقىتتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشىدىغان ئىش تۇرسا، قېنى بىر سىناپ كۆرمەمسىز؟»

دادا كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئۇنداق بولىدىغان بولسا مەن ئەلۋەتتە خۇشال بولىمەن! مەن قانچىلىك ۋاقىتتا ئۇ ئۇسۇللارنى ئۆگە-

نىۋاللايمەن؟» دېدى.

«ناھايىتى تېز ئۆگىنىۋاللايسىز، بىراق پۇختا بولۇشۇم كېرەك دەيدىكەنسىز، ئەمەلىي تۇرمۇشتا بىرنەچچە ھەپتە قوللىنىشىڭىز كېرەك.»

«ئەمەلىيەتتە، سىز بۇ ئۇسۇللارنى بىرىنچى قېتىم قوللانغان چېغىڭىزدا بەلكىم ناھايىتى تەس ھېس قىلىشىڭىز مۇمكىن، ھەتتا ئۆزىڭىزگە ئوخشىماي قېلىۋاتقانلىقىڭىزنى سېزىسىز.»

«گولف توپ ئوينىغاندا، تېخىمۇ ياخشى بولغان كالتەك تۇتۇش ئۇسۇلىنى تۇنجى قېتىم ئۆگىنىۋالغان چېغىمدا، ئۆزۈمگە ئوخشىماي قالغاندەك تۇيغۇغا كەلگەنىدىم. بىراق، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، توپنى ئاشۇنداق ئۇرغاندا تەبىئىيرەك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ھازىر بولسا، ئەينى ۋاقىتتا ئۆزۈمنىڭ توپ ئۇرۇش ئۇسۇلۇمنى ئۆزگەرتكىنىمدىن بەكمۇ خۇشاللىنىمەن» دېدى دادا ئەسلەپ ئولتۇرۇپ.

«سىز بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنگەن ھەمدە بالىلارنى باشقۇرۇش ئۇسۇلىڭىزنى ئۆزگەرتمەكچى بولغانىكەنسىز، ئۇنداقتا مەن سىزگە بىر خۇش خەۋەر ئېيتاي.»

«سىز بۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق بالىلىرىڭىزنى باشقۇرسىڭىز، ئۇلار ئۆزلۈكىدىنلا ئۆزلىرىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىدۇ.

«ئەڭ مۇھىمى، سىز ۋە بالىلىرىڭىز بىر - بىرىڭلارنى تېخىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان، تېخىمۇ ئىناق ئۆتىدىغان بولىسىلەر.»

«ئاڭلىماققا ناھايىتى ياخشىدەك تۇرىدۇ. بىز قەيەردىن (نەدىن) باشلاپ ئۆگەنسەك بولىدۇ؟

«ئالدى بىلەن نېمىنىڭ ياخشى باشقۇرۇش بولىدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى. ‹باشقۇرۇش› دېگەن بۇ سۆز لاتىن تىلىدىكى disciplina دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى ‹تەلىم - تەربىيە›

دېگەنلىكتۇر.»

«گېپىڭىزنىڭ مەنىسىگە قارىغاندا، مەن بىر جازالىغۇچىنىڭ رولىنى ئەمەس، بىر مۇئەللىمنىڭ رولىنى ئېلىشىم كېرەك ئىكەن-دە» دېدى دادا.

«ئۇنداقتا مەن قانداق باشلىشىم كېرەك؟»

«ئۇسۇل ناھايىتى ئاددىي، شۇنداقلا ئۆگىنىش ئوڭاي، بىر مىنۇت سەرپ قىلسىڭىزلا بولىدۇ. شۇڭا مەن بۇنى ‹بىر مىنۇتلۇق تەنقىد› دەپ ئاتايمەن.»

«نېمە؟» دادا ناھايىتى ھەيران قالدى. نېمىشقىدۇر، ئۇنىڭچە بولغاندا ياخشى بولغان تەربىيەلەش ئۇسۇلى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇشى كېرەك ئىدى.

«دوختۇر، مېنىڭ سىزگە رەددىيە بەرگۈم يوق، بىراق ئاڭلىماققا بەك ئاددىيدەك تۇرىدۇ. مەن بۇ ئۇسۇللارنىڭ بالىلىرىمغا ئۈنۈمى بولماسلىقىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن.»

«سىزنىڭ ئەندىشىڭىزنى چۈشىنىمەن، مەن مۇۋاپىق بولمايدۇ دەپ ئويلىغان ھەرقانداق بىر ئاددىي ئۇسۇلغا نىسبەتەن گۇماندا بولىمەن، بۇمۇ مېنىڭ كەسپىي جەھەتتىن تەربىيەلەنگەنلىكىمدىن بولسا كېرەك.»

«گەرچە مەن باشقىلارغا ۋەدە بېرىشنى ياخشى كۆرۈپ كەتمىسەممۇ، بىراق مەن شۇنى جەزملەشتۈرەلەيمەنكى، ئەگەردە سىز بۇ ئۇسۇلنى توغرا قوللىنالىسىڭىزلا، كۆزلىگەن مەقسىتىڭىزگە يېتەلەيسىز.»

بۇ دادا ئۆزىنىڭ گۇمانىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇشنى توغرا تاپتى. ئەگەر، بۇ ئۇسۇل ھەقىقەتەن شۇنداق ئۈنۈملۈك بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ئۆزۈندىن بېرى ئىزدەۋاتقان نەرسىسىنى تاپقان بولاتتى.

«ئالدى بىلەن نېمە ئىش قىلىشىم كېرەك؟» دەپ سورىدى دادا.

«ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ ‹تەنقىد›، ئارقىلىق قايسى مەقسەتكە يەتمەكچى بولغانلىقىڭىزغا قاراپ، ئاندىن نېمە قىلىشىڭىزنى قارار قىلىڭ» دەپ جاۋاب بەردى دوختۇر.

«ھەرقانداق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشتىن ئاۋۋال، تۆۋەندىكىلەرنى سەمىڭىزگە سېلىپ تۇرۇڭ:

> مەن بالىلىرىمنى تەنقىد قىلغان چېغىمدا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى ئۈچۈن ئازابلىنىشىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

دادا ئويلىنىپ تۇرۇپ: «بۇ بەك قىزىقارلىق ئىكەن، بالىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە بولغان قارىشى بىلەن بالىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان قارىشى ئوخشاش بولمايدىكەن. مەن ئەزەلدىن بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى بارلىقىنى ئويلاپ باقماپتىمەن ھەم بۇلارنى ئوخشاش بىر ئىش دەپ ئويلاپتىمەن» دېدى.

«سىزنىڭ بۇ گېپىڭىزنى ئاڭلاپ بەك خۇش بولدۇم، مانا بۇ كۆپىلىگەن تەنقىدلەرنىڭ رول ئوينىيالماسلىقىدىكى سەۋەب، بالىلارمۇ، چوڭلارغا ئوخشاش، ئەگەر باشقىلار تەرىپىدىن ئەيىبلەنسە، ئۇ چاغدا تەنقىد بىلەن ئۆزىنىڭ قىممىتىنى باراۋەر قىلىۋالىدۇ ـ دە، قارشىلىشىش كەيپىياتى پەيدا بولىدۇ. ئاخىردا قانداق ئاقىۋەت يۈز بېرىدۇ؟»

«ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى ئاقلايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى دادا.

«توغرا، چوقۇم شۇنداق بولىدۇ» دېدى دوختۇر قوللاپ تۇرۇپ ۋە «بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ خاتالىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنىلا ئۆزىمىزنى ئاقلايمىزغۇ» دېدى.

«مېنىڭ بالىلىرىم دەل مۇشۇنداق» دېدى دادا. «راستىمنى ئېيتسام، مەن ناھايىتى ياخشى بولغان ئۇسۇلنى تېپىشنى ئويلاي-

مەن. مەن نەدىن باشلىشىم كېرەك؟»

دوختۇر ناھايىتى كونكرېت قىلىپ: «سىز ھەربىر بالىنى مۇس-تەقىل شەخس قىلىپ مۇئامىلە قىلىڭ، ئۇلار بىلەن ئايرىم - ئاي-رىم پىكىرلىشىڭ، مۇڭدىشىڭ» دېدى.

«سىز ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن ناھايىتى ئاچچىقلانسىڭىزمۇ، ئۆزىڭىزنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىڭىزنى ئېنىق تونۇڭ. بۇ ناھايىتى مۇھىم نۇقتا. ئەگەر، سىز بالىڭىزنى كۆرسىڭىز، ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئىككى خىل ھېسسىياتقا كېلىسىز: ناھايىتى ئاچچىقلىد-نىسىز يەنە ھەم ئۇلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرىسىز. شۇڭا، سىز بۇ ئىككى خىل ھېسسىياتىڭىزنى ئۇلارغا چوقۇم ئېيتىشىڭىز كېرەك!

«ئۇلارنى تەنقىد قىلىشتىن ئاۋۋال، شۇنى سەمىڭىزگە سېلىڭ-كى، بالىنىڭ ھەرىكىتى خاتا بولسىمۇ، بىراق ئۇ يەنىلا ياخشى بالا، مانا بۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاچقۇچى.»

«ئاندىن سىز بالىنىڭ كۆزىگە سەپسېلىڭ - دە، ناھايىتى ئېنىق قىلىپ ئۇنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ. قانچە كونكرېت ئېيتسىڭىز شۇنچە ياخشى، بۇنىڭغا پەقەت نەچچە سېكۇنتلا كېتىدۇ.

«مەسىلەن، ‹سەن ئۆيگە كەچ قايتتىڭ! نەگە بارىدىغانلىقىڭنى ماڭا ئېيتىپ قويمىدىڭ! بۇ ھەپتىنىڭ ئىچىدە ئىككىنچى قېتىم كەچ قېلىشىڭ!

«ئارقىدىنلا بالىڭىزغا ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنىڭ سىزنى قانداق ئويغا سالغانلىقىنى ئېنىق ئېيتىڭ.»

«مەسىلەن، مەن بەك ئاچچىقلاندىم! بەك ئاچچىقىم كەلدى!»

ئەگەردە ئاچچىقلانغان بولسىڭىز، غەزەپلەنگەن ھالدا ئۆزىڭىزنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەڭ.»

ئەگەردە سىز بەك ئاچچىقلانغان بولسىڭىز، ئاۋازىڭىزنى ئۈنلۈك چىقىرىپ «مەن بەك ئاچچىقلاندىم، بەك ئاچچىقىم كەلدى!» دەپ ۋارقىراڭ!

ئەگەر، سىز ئازابلانغان بولسىڭىز، ئازابلانغانلىقىڭىزنى بىۋاسىتە ئىپادىلەڭ. خۇلاسىلىگەندە ئۆزىڭىزنىڭ ھەقىقىي ئويىڭىزنى قىلچىمۇ يوشۇرماي، سەممىي، ھېسسىياتلىق قىلىپ ئىپادىلەپ بېرىڭ.

بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنىڭ ئالدىنقى يېرىم مىنۇتىدا، ئەڭ مۇھىمى بالىڭىزغا ئۆزىڭىزنىڭ ھېسسىياتىنى ھېس قىلغۇزۇڭ.

سىز ئۇلارغا، ئۆزىڭىزنىڭ ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا بولغان نارازىلىقىڭىزنى بىلدۈرۈڭ. بىراق، بالىلارغا نارازىلىقىڭىزنى بىلدۈرسىڭىزلا كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە ئۇلارغا بۇ نۇقتىنى ئېنىق تونۇتقۇزۇڭ.

سىز ئۇلارغا تازا ئاچچىقلانسىڭىز، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتكەن بولمايسىز، پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى تونۇشىغا ياردەم قىلغان بولىسىز.

«شۇنى ئېسىڭىزدە ساقلاڭكى، بالا ھەرگىزمۇ سىزنىڭ ئاچچىقىڭىزنى چىقىرىدىغان موللا بوزىكىڭىز ئەمەس» دېدى دوختۇر دادىنىڭ سەمىگە سېلىپ. «سىز ئۇلارغا توختىماي ئاچچىقلانسىڭىز بولمايدۇ. سىز ئۇلارغا ئاچچىقلىنىش ۋاقتىڭىزنىڭ ئۆزۈنغا سوزۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرسىڭىزلا بولىدۇ.»

پەقەت يېرىم مىنۇتتىلا سىز ئۇلارغا ئۆزىڭىزنىڭ ھېسسىياتىنى ھېس قىلدۇرالايسىز.

ئاندىن سىز بىر ئاز توختىۋېلىڭ ...

«بالىلىرىڭىزغا ئۆزىڭىزنىڭ كەيپىياتىڭىزنى ھېس قىلدۇرۇڭ، ئەڭ ياخشىسى بۇ خىل كۆڭۈلسىز سۈكۈت بىر ئاز داۋاملاشسۇن.»

«كىشىنى ئازابقا سالىدىغان بۇ بىرنەچچە سېكۇنتتا، بالىلار ناھايىتى ئوڭايسىزلىق ھېس قىلىدۇ. ئۇلار بۇ خىل ھالەتنى ياخشى كۆرمەيدۇ، بەلكىم يەنە سىزنىڭ بۇ تۇرقىڭىزنىمۇ ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدۇ.»



«بۇ ۋاقىتتا ئەڭ تىپىك بولغان ئاغرىنىش ھېسسىياتى پەيدا بو-لىدۇ. ھېچكىم تەنبىھ ئاڭلاشنى ياقتۇرمايدۇ. بۇ دەل سىزنىڭ بىر مىنۇتلۇق تەنقىدىڭىزنىڭ ئالدىنقى يېرىم مىنۇتىدا ئېرىشىدىغان ئۈنۈمىڭىزدۇر. بالىلارغا بۇ خىل كۆڭۈلسىزلىكنى ھېس قىلدۇرۇڭ.»

دادا دوختۇرنىڭ باياتىن بېرى سۆزلىگەن سۆزلىرىنى ئويلاپ قالدى ۋە بوش ئاۋازدا: «گەرچە بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنىڭ ئالدىنقى يېرىم مىنۇتى ناھايىتى قىسقا بولسىمۇ، سىزنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىڭىزنى ئىپادىلىگىنىڭىزنى ئاڭلىغىنىمدا، تەنقىدلەنمىگەن مەنمۇ ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان ئاشۇ خىل ھالەتنى ھېس قىلغانلىقىمنى ئىنكار قىلالمايمەن.» دېدى.

«ماڭا ئىشىنىڭ» دېدى دوختۇر. «گەرچە بۇ خىل تەنقىدكە ئۇزاق ۋاقىت كەتمىسىمۇ، بىراق تەنقىدلەنگەن ئادەمنى ناھايىتى بىئارام-لىق ھېس قىلدۇرغۇزىدۇ.»

دادا بېشىنى لىڭشىتقىنىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ «ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىمىز؟ بالىلىرىم تەنقىدكە ئۇچرىغانلىقىدىن ماڭا ئۆچ-لۈك قىلارمۇ؟ ئىش - ھەرىكەتلىرىگە ئاماللىق بارچە باھانە ئىز-دەپ، ماڭا ئاچچىقلىنارمۇ» دەپ سورىدى.

«ئەمدىلىكتە، بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنىڭ ئاخىرقى يېرىم مىنۇتىـ-غا كېلىمىز. مانا بۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ مۇھىم ھالقىسى» دەپ جاۋاب بەردى دوختۇر.

«ئەگەر بۇنداق قىلمىساق، تەنقىدنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ، سىز كېيىنكى يېرىم مىنۇتلۇق تەنقىدنى ئېلىپ بارسىڭىز، چوقۇم ئۈ-نۈمىنى كۆرىسىز. بالىلىرىڭىز ناھايىتى ئاڭلىق ھالدا ئۆزلۈكىدىن ئۆزلىرىنىڭ قىلىقلىرىنى ئۆزگەرتىدۇ - دە، مۆجىزە يۈز بېرىدۇ.

«بىراق شۇنى سەمىڭىزگە سېلىپ قوياي، سىز بۇلارنى ئۆگىـ-نىۋالغاندىن كېيىن، كېيىنكى يېرىم مىنۇتلۇق تەنقىدنى ناھايىتى ئاسانلا ھېس قىلىسىز. بىراق باشلىنىشىدا بۇ ئۇنچىۋالا ئاددىيمۇ ئەمەس — بولۇپمۇ، سىز بۇ ئىشلارغا ئادەتلىنىپ بولال-

مىغان چېغىڭىزدا، بۇ سىزدىن ھەرىكەتلىرىڭىزنى ناھايىتى چوڭ ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.» دېدى دوختۇر دادىنى ئەسكەرتىپ تۇرۇپ.

«چۈشەندىم، مەن تېخىمۇ ياخشى ئۇسۇللار ئارقىلىق بالىلىرىمنى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشنى ھەقىقەتەن ئۈمىد قىلىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلىشىم كېرەك؟» دەيدۇ دادا.

«تەنقىدنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، سىز ناھايىتى ھېسسىياتلىنىپ تۇرۇپ بالىلىرىڭىزغا بىر ھەقىقەتنى ــ سىزنىڭ ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىغا ناھايىتى ئاچچىقىڭىز كەلگەنلىكىنى، چېچىلغانلىقىڭىزنى ياكى ئازابلانغانلىقىڭىزنى ئېيتتىڭىز.

ھازىر سىز، چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىپ، كەيپىياتىڭىز تۇراقلاشقاندىن كېيىن، بالىڭىزغا قاراپ تۇرۇپ، كۆز ۋە قول ئىشارەتلىرىڭىز بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ باشتىن - ئاخىر ئۇ تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈڭ.»

ئەمدىكى يېرىم مىنۇتتا، سىز تەمكىنلىك بىلەن ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋالغان ھالدا بالىڭىزغا يەنە بىر ھەقىقەتنى، يەنى ئۇ بۇ چاغدا ئەڭ ئويلايدىغان، سىزنىڭ ئېغىزىڭىزدىن ئاڭلاشقا ئەڭ تەشنا بولغان بىر جۈملە سۆزنى، يەنى ئۇنىڭ ناھايىتى ياخشى بالا ئىكەنلىكى ۋە سىزنىڭ ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىڭ.

بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنىڭ ئاخىرقى يېرىم قىسمىنىڭ ئوڭايغا توختىمايدىغانلىقىنى بىلىمەن، بىراق بۇ قىسمى ناھايىتى مۇھىم. سىزنىڭ سۆزلىرىڭىز چىن كۆڭلىڭىزدىن چىقىشى، ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، «بۈگۈن كەچتە قىلغىنىڭ توغرا بولمىدى، بىراق سەن يەنىلا ياخشى بالا! دەل مۇشۇنداق بولغاچقىلا مېنىڭ ئاچچىقىم كەلدى. ساڭا ئوخشاش ياخشى بالىلار ئۇنداق خاتالىقنى ئۆتكۈزمەسلىكى كېرەك. مەن سېنىڭ ياخشىلىقىڭنى بىلىمەن. شۇڭا، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن» دېگەندەك.

گېپىڭىزنى تۈگەتكەندىن كېيىن، بالىڭىزنى باغرىڭىزغا بې-

سىڭ، بۇ ئۇنىڭغا بۇ قېتىملىق تەنقىدنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلدۇرسۇن، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، سىز بۇ ئىشنى بۇنىدىن كېيىن ھەرگىز ئېغىزىڭىزغا ئالماڭ.

دادا دوختۇرنىڭ گەپلىرىنى ئويلاپ قالدى. بۇنداق ئاددىي ئۇسۇلنىڭ شۇنچىۋالا ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقىغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، «ئادەمنىڭ ھەقىقەتەن ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ.»

«سىز ۋە بالىلىرىڭىز ئۆزۈڭلارنىڭ مەقسىتىڭگە تېزراق يېتىمىز دەيدىكەنسىلەر، بۇ ئۇسۇلغا بالدۇرراق ئىشىنىپ ئەمەلىي تۇرمۇشىڭىزدا قوللىنىشىڭىز كېرەك. بۇ خىل ئۇسۇل باشقا نۇرغۇن ئائىلىلەردە قوللىنىلىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.» دېدى دوختۇر.

«باشقا ئائىلىلەرنىڭ گېپى چىقىپ قالدى» دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى دوختۇر، «بەزى ئائىلىلەر ماڭا ناھايىتى مۇھىم بىر ھەقىقەتنى تونۇتتى.»

«نېمىنى؟» دەپ سورىدى دادا.

«مەن بۇ ئۇسۇلنى ئەمدىلا ئىزدىنىپ چىققان چېغىمدا ئۇنى بالىلارنى باشقۇرۇشتىكى بىر خىل ئۇسۇل قىلغانىدىم. بۇ ئۇسۇلنى يېقىندىن قوللانغان چېغىڭىزدا، ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى بولىدىكەن».

«ئاخىردا قانداق بولدى؟» دەپ سورىدى دادا.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، كۆرۈنۈشتە سىز بالىنى باشقۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنسىڭىزمۇ، ئەمەلىيەتتە بالىڭىز بىلەن ناھايىتى ئۈنۈملۈك سىرداشىۋاتقانلىقىڭىزنى ھېس قىلىسىز.

بۇ ۋاقىتتا، بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ سىز ۋە بالىڭىزنىڭ سىرداشىشىغا ياردەم قىلغاندىن سىرت، يەنە باشقا ئارتۇقچىلىقلىرىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلالايسىز.

«گېپىڭىزنىڭ مەنىسىگە قارىغاندا، بۇ بالىلارنىڭ مەن بىلەن مۇڭدىشىدىغان ئۇسۇلى بولامدۇ؟» دەپ گەپ قىستۇردى دادا.

توغرا، بالىلىرىڭىزنىڭ كۆڭلىدە بەزى تۈگۈنلەر بولۇشى مۇمكىن، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزلىرىگە تۇشلۇق غېمى بولىدۇ.

«سىزنىڭچە، مەن ئۇلارنى ماڭىمۇ سەممىي مۇئامىلە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشۈم كېرەكمۇ؟» دەپ سورىدى دادا.

«توغرا، ئەلۋەتتە سىز پۈتۈنلەي تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن» دەپ جاۋاب بەردى دوختۇر.

بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنى ئۆيىڭىزدە سىناپ كۆرۈڭ. ئۇنىڭ قاد-چىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆيىڭىزدىكى كەيپىياتنى ئۆزگەرتىپ ھەممە ئىشنى جايىغا چۈشۈرىدىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭ. بۇ ئۇسۇلنى ناھايىتى پىششىق قوللىنالايدىغان بولغاندىن كېيىن، بالىلىرىڭىز-نىڭ سىزگە ئوخشاش قىلىپ بېقىشىغا تەكلىپ بېرىپ بېقىڭ.

«بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىۋاتقان ئائىلىلەر شۇنى بايقىدىكى، ئەركىن، باراۋەر بولغان مۇڭدىشىش ئەڭ ياخشى ئۈنۈمنى ئېلىپ كېلىدۇ.»

بالىلىرىڭىز سىزنىڭ باشقىلارغا ئازار بەرمىگەن ئەھۋال ئاس-تىدا، ھېسسىياتىڭىزنى ئىپادىلىگىنىڭىزنى كۆرگەن چېغىدا، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى سەممىيلىك بىلەن سىزگە ئېيتىپ بەرگۈسى كېلىدۇ ۋە سىزگە بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىزمۇ قوپال، سوغۇق مۇئامىلە قىلمايدۇ.

«بولىدۇ، مەن ئۆيگە بېرىپ سىناپ كۆرەي» دېدى دادا.

ئۇ خۇددى بۇ ئۇسۇللارنى قوللىنىپ كۆرگەندەك، ئۆگەنگەن نەرسىلىرىنى دەپتىرىگە خۇلاسىلەپ يازدى.

دادا ئورنىدىن تۇرۇپ، دوختۇر بىلەن قول ئېلىشىپ رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ ماڭماقچى بولدى. دوختۇر ئۇنىڭغا بىر مىنۇتلۇق تەن-قىدنى ئىشلىتىشنى باشلىغاندا، بەزى مەسىلىلەرنىڭ يۈز بېرىشىد-دىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا قاچانلا تېلېفون قىلىپ مەسلىھەت سورىسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

دادا ماشىنىسىغا چىقىپ ئويلىنىپ قالدى، «بۇ خىل ئۇسۇل ئاڭلانماققا ئاددىيدەك تۇيۇلىدىكەن. بىراق، مەن ئالدى بىلەن چو-قۇم ئۆزۈمنىڭ ھەرىكەتلىرىمنى ئۆزگەرتىشىم كېرەك بولمىسا، بۇ ئىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ!

## بىر مىنۇتلۇق تەنقىد

پەقەت تۆۋەندىكىدەك قىلساقلا، بىر مىنۇتلۇق تەنقىدتە ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىمىز.

1. مەن ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىنى قوبۇل قىلالمىغان چېغىمدا، ئۇلارنى تەنقىدلەيدىغانلىقىمنى، بالىلارغا ئالدىنئالا ئېيتىپ قويىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەنمۇ ئۇلارنى ماڭا سەمىمىي مۇئامىلە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىمەن.

تەنقىدنىڭ ئالدىنقى يېرىم مىنۇتىدا:

2. ئەھۋال يۈز بەرگەن ھامان، بالىلىرىمنى تەنقىدلەيمەن.

3. ئۇلارنىڭ نېمە ئىشلارنى خاتا قىلغانلىقىنى كونكرېت كۆرسىتىپ بېرىمەن.

4. مەن بالىلارغا ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ ماڭا قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى ئېنىق ئېيتىمەن.

5. مەن بىرنەچچە مىنۇت سۈكۈتتە تۇرۇش ئارقىلىق ئادەمنى ناھايىتى بىئارام قىلىدىغان كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈپ، بالىلارغا مېنىڭ ھېسسىياتىمنى ھېس قىلغۇزىمەن.

تەنقىدنىڭ كېيىنكى يېرىم مىنۇتىدا:

6. ئۆزۈمنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ھەر خىل بەدەن ئىشارىتى ئارقىلىق بالىلىرىمغا ئۆزۈمنىڭ باشتىن - ئاخىر ئۇلار تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

7. مەن بالىلارغا گەرچە ئۇلارنىڭ بایاتىنقى قىلىقلىرى توغرا بولمىسىمۇ، ئۇلارنى يەنىلا ياخشى بالا دەپ ئويلايدىغانلىقىمنى ئېيتىمەن.

8. مەن بالىلارغا ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ باغرىمغا باسىمەن. تەنقىدنىڭ ئاياغلىشىشى بىلەن ھەممە نەرسە ئاياغلىشىدۇ، بۇ ئىشنى ئىككىنچىلەپ قايتا تىلغا ئالمايمەن.

9. شۇ كۈنى كەچتە، بالىلار ماڭا قانداقلا گەپ قىلسۇن، ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلايمەن.

10. مەن شۇنى بايقىدىمكى، گەرچە مەن بالىنى پەقەت بىر مىنۇتلا تەنقىد قىلغان بولساممۇ، مەن يەنىلا ئۇلارنى ياخشى كۆرىمەن، بۇ بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنىڭ ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن پايدىسىدىن بالىلىرىم مەڭگۈ بەھرىمەن بولىدۇ.

مەن بالىلىرىمنىڭ ئالدىدا ھېسسىياتىمنى ئىپادىلىيەلەرمەنمۇ؟ مەن بۇنداق قىلىشنى ناھايىتى تەس دەپ ئويلايمەن.

«ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ماڭا ئېلىپ كەلگەن ئازابىنى، بالىلارغا ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندىن كېيىن، ئۆزۈمنى بېسىۋالالايدىغان ياكى بېسىۋالالمايدىغانلىقىمنى تېخىمۇ بىلمەيمەن. مەن يەنە ئۇلارغا، ئۇلارنىڭ يەنىلا ياخشى بالا ئىكەنلىكى، ئۇلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمنى ئۈمىد قىلىمەن». بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭمۇ كىچىك چېغىدا باشقىلاردىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى.

بىراق، ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق بالىلارنى باشقۇرۇشنى ئويلىغىنىدا كۆڭلىدە پەقەت ئىشەنچ قىلالماي، ئولتۇرالماي قالدى.

ئاخىردا ئۇ يەنىلا بىر نىيەتكە كەلدى. «تېخىمۇ ياخشى بولغان ئائىلە مۇھىتىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، يېڭى شەيئى ئېلىپ كەلگەن ئارامسىزلىققا چوقۇم چىداش كېرەك.» ئۇ ئۆزىنىڭ چوقۇم سىناپ كۆرۈشى كېرەكلىكىنى بىلەتتى.

ماشىنىدا ئولتۇرۇپ، كاللىسىدا بىر تايىنىش نۇقتىسىنى يەنى يېڭى ئۇسۇلنى سىناپ بېقىشنى قوللايدىغان يېڭى ئۇقۇمنى ئىزدىدى.

ئۇ ناھايىتى تېزلا مۇھىم بولغان بىر خاتىرىنى يازدى. بۇ بىر ئاددىي بولغان جەزملەشتۈرۈش جۈملىسى ئىدى.

ئەينى چاغدا، ئۇ قىممەتلىك بولغان بۇ بىرىنچى سائەتلىك دەرسنىڭ ئەينى ۋاقتىدا ئۇ ئۈمىد قىلغانغا ئوخشاش ناھايىتى مۇكەممەل بولغان جاۋابقا ئېرىشتۈرۈشنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

ئۇ بۇ جۈملە سۆزنى قايتا - قايتا ئوقۇدى.

بالىلار ئۆزلىرىنى قانچە ياخشى كۆرگەنسېرى، شۇنچە قائىدە - يوسۇنلۇق بولىدۇ.

## سىز ئاڭلاشنى خالىسىڭىزلا، بالا ھەممىنى سىزگە ئېيتىپ بېرىدۇ

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دادا بەش بالىسىنى بىر يەرگە جەم قىلدى. ئۇ بۇ خىل يىغىلىشنىڭ كۆپچىلىككە ئارامسىزلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، بىراق ئۇ بۇ قېتىملىق تىرىشچانلىق ئارقىلىق، ئائىلىسىنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتمەكچى ئىدى.

«مەن تېخىمۇ ياخشى بىر دادا بولماقچىمەن» دېدى ئۇ ناھايىتى سەممىيلىك بىلەن.

«راستىمنى ئېيتسام، سىلەردىمۇ ئۆزگىرىش بولسىكەن دەپ ئويلايمەن» دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

«كەسپىتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن، ئىلگىرى مەن ناھايىتى تىرىشىپ ئىشلەيتتىم، بىراق تۇرمۇشۇمدىكى ئەڭ مۇھىم بولغان سىلەرگە سەل قاراپ قاپتىمەن» دېدى.

ئارقىدىنلا، ئۆزى ئۆگىنىپ كەلگەن بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنى بالىلىرىغا سۆزلەپ بەردى ۋە بالىلىرىنىڭ سوئاللىرىغا سەممىيلىك بىلەن جاۋاب بەردى.

ئۇ بالىلىرىغا، ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقتىدا، مۇشۇ ئۇسۇلدا باشقۇرۇلۇشنى ناھايىتى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى، بىراق پۇرسەت بولمىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

ئاندىن ئۇ ھەربىر بالىسىغا ئوخشاش تاللاش پۇرسىتى بەردى. ئۇلار سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەندە، بۇرۇنقىغا ئوخشاش جازانى قوبۇل قىلىدۇ ياكى بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنى قوبۇل قىلىدۇ.

بۇ ئىككى خىل تاللاش ئادەمنى ئۆزىگە قىزىقتۇرالمايتتى، شۇڭا ھېچكىم ئېغىز ئاچمىدى.

«باللار سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەندە، ئۇلارغا بىر مىنۇتلۇق تەنقىد ئېلىپ بېرىش، ئۇلارغا ياخشى بولۇش ئۈچۈن بولسىمۇ، بىراق ئۇلارغا زورمۇزور قوبۇل قىلغۇزسام بولمايدۇ» دەپ ئويلىدى دادا.

دادا ئۆزىنىڭ خىزمەت تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك يەكۈن چىقاردى: ئەگەر مەلۇم بىر قارار، قارار چىقارغۇچىلارنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە چېتىشلىق بولسا، ئۇ چاغدا سايلىغۇچىلار بۇ قارارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىجرا قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇ-نىڭ بىلەن، ئۇ كۆپچىلىككە «بۇنى بىر مەيدان قىمار دېسەك، سىد-لەر ياكى ئۇتۇۋالىسىلەر، ياكى ئۇتتۇرىسىلەر، ئەگەر بۇ خىل يېڭى ئۇسۇل بىزگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلەلىسە، ئۇ چاغدا بىز ئۇتقان بولىمىز، ئۇنداق بولمىسا، بىز تەڭلىشىمىزدە، ھەممە ئىش ئەسلى-گە قايتىدۇ» دېدى.

چوڭ ئوغلى ئون نەچچە ياشقا كىرىپ قالغان بولۇپ، ھەرقانداق ئىشقا پەقەتلا رازى بولمايدىغان بالا ئىدى. ئۇ ئىپادىسىنى بىلدۇ-رۇپ، «مېنىڭ چاتىقىم يوق، ئىشقىلىپ پايدىسى بولمايدۇ» دېدى.

«بولىدۇ، ئەگەر سەن ئۆزۈڭ خالىساڭ، سېنى بۇرۇنقىغا ئوخشاش باشقۇراي» دېدى دادىسى. ئاندىن ئارقىغا بۇرۇلۇپ «قالغانلىرىڭلار قانداق (قىلىسىلەر)؟» دەپ سورىدى.

ئاكىسىغا قوللانغان بۇ خىل ئۇسۇلدىن باللار ئالىقاچان زې-رىككەنىدى. «مەن يېڭى ئۇسۇلنى قوبۇل قىلىمەن» دېدى ئىككىن-چى قىزى. «مەنمۇ شۇ» دېدى چوڭ قىزى بىر قارارغا كېلىپ. توق-قۇز ياشقا كىرگەن ئوغلى «مەن ئەھۋالغا قاراپ بىر قارار چىقارسام بولامدۇ؟» دېدى بوشقىنا ئاۋازدا.

دادا كۈلۈپ كەتتى. «ئۇنداق بولسا بۇنىڭدىن كېيىن يەنە داۋاملىق كاساڭغا تاياق يەيسەن جۇمۇ» دېدى دادا، يالغاندىن ئاچ-چىقلانغان ھالدا.

«ھە، بۇنداق بولسا، مەن يەنىلا تەنقىدنى قوبۇل قىلاي» دېدى شا-كىچىك ئالدىراپ.

ئارقىدىن دادا ناھايىتى ئاقىلانە بولغان بىر ئىشنى قىلدى. ئۇ سەمىمىيلىك بىلەن بالىلىرىغا «راست گەپنى قىلسام، ئۆزۈمنىڭ بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنى قىلالايدىغان ياكى قىلالمايدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن، مەن ئۆزۈمنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە ئۇنچىۋالا ئۇستا ئەمەس، دادامنىڭمۇ مېنىڭ ئالدىمدا ئۆز ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلغىنىنى كۆرۈپ باقمىغان. شۇڭلاشقا، ئۆزۈمنى ئۆزگەر-تەلەيدىغان ياكى ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىمغا ئېنىق بىر نەرسە دېيەل-مەيمەن» دەپ ئىقرار قىلدى.

چوڭ ئوغلى «ئەڭ بولمىغاندا سىناپ كۆرمەمسىز!» دېدى.

دادا چوڭ ئوغلىنىڭ سۆزىدە ئۆزىگە بولغان ئۈچمەنلىك ياكى ئۈمىد يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلەلمىدى. بىراق، ئۇ يەنە بىر ئاز مەس-خىرىنىڭ ئارىلاشقانلىقىنى ھېس قىلدى. چۈنكى، باياتىن بۇ بالا بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ پايدىسى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئەمدى بولسا ئۇنىڭ سىناپ كۆرۈشنى ئېيتىۋاتىدۇ.

ئەمەلىيەتتە بالىلار دادىسىغا قايىل بولۇشقا باشلىدى، چۈنكى ئۇ ئۇلارغا بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنى گەپ ئەگىتىپ ئولتۇرماستىن ئۇ-دۇللا دېگەن ۋە ھەربىر بالىغا تاللاش پۇرسىتى بەرگەن ھەمدە سە-مىمىيلىك بىلەن ئۆزىنىڭ بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنى ياخشى قىلال-ماسلىقى مۇمكىنلىكىنى ئېيتقانىدى.

بۇ قېتىمقى ئائىلە يىغىنىدىن كېيىن، دادا بەش بالىنىڭ ئىچىدىكى تۆت بالىغا بىر مىنۇتلۇق تەنقىد ئارقىلىق باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللاندى.

دەسلەپكى باشلىنىشىدا، يېڭى ئۇسۇل ھەربىر بالىنىڭ قارشى-لىقىغا ئۇچرىدى. ھەربىر بالا ئاتىسىنىڭ بارچە دادىسىنى بۇ خىل ئادەمنى ئاۋارە قىلىدىغان ئۇسۇلدىن ۋاز كەچتۈرمەكچى بولۇشتى.

دادا ئۇلارغا سۆزلىگەن چاغدا، ئۇلار باشقا جايلارغا قارىۋالاتتى. بەزىدە دېرىزە سىرتىغا زېرىكىشلىك بىلەن قارىسا، يەنە بەزىدە تو-رۇسقا تىكىلىپ قارىۋالاتتى. قەيەرگە قارىشى مۇھىم ئەمەس، مۇھىد-

مى دادىسىنىڭ كۆزىدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇش ئىدى.

ئۇلار بەزىدە دادىسىنىڭ گېپىنى مەنسىتمىگەندەك، ئەسەبىيلەرچە كۇلۇپ كېتەتتى.

ئەمدىلا ماڭغان قىزى بولسا، خۇددى ئەتراپىدىكى بارلىق مەۋجۇداتتىن ئالاقىسىنى ئۈزگەندەك، ئوماق قوللىرى بىلەن قولىقىنى ئېتىپ، ئاغزىنى چىڭ يۇمۇۋالاتتى.

كىچىك ئوغلىنىڭ ھېيلىسى بولسا خۇپسەنلىك بىلەن توختىماي بېغىشىغا قاراش بولۇپ، بۇ ئارقىلىق دادىسىغا ۋاقىتنى بىلدۈرمەكچى بولاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قولىدا سائەت يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنى قوبۇل قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ دادىسىغا ئۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنلىكىدنى بىلدۈرمەكچى ئىدى.

ئەلۋەتتە، بەزىدە ئۇلار دادىسىنىڭ گېپىنى داۋاملاشتۇرغۇزماي، چىقىپ كەتمەكچىمۇ بولۇشاتتى.

بىراق دادا ئىزچىل داۋاملاشتۇردى.

بالىلار قانداقلا ئۇسۇل قوللىنىپ، بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنىڭ ئۇنۇمىنى ئاجىزلاشتۇرماقچى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دادا قىلچىمۇ بەل قويۇۋەتمەي داۋاملاشتۇردى. ئاخىردا، دادا كۆڭلىدىكىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بولدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي بالىلارمۇ ئۆزلىرى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلارنىڭ دادىسىغا ئاچچىقلىنىش، غەزەپلىنىش، ئازابلىنىش ۋە ياكى باشقا ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇلار ئۆزلىدرىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى دادىسىنىڭ تەسلىكتە قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇلارمۇ دادىسىغا بۇ خىل ئازابنى ئېلىپ كېلىشنى خالىمايتتى.

ئەمما، ئادەمنى ئەڭ ئازابلايدىغىنى، تەنقىدنىڭ ئاخىرقى يېرىمى ئىدى. دادىسى ئۆزىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، مېھرىبانلىق بىلەن



ئۇلارنىڭ مۇرىلىرىنى سىلىغىنىدا ياكى ئۇلارنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ناھايىتى ياخشى بالا ئىكەنلىكىنى، ئۇنداق ئىشلارنى قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى ئېيتقاندا، بالىلار ناھايىتى ئۆكۈنۈش ھېس قىلاتتى.

ئاخىردا، دادا ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئۇلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. مانا بۇ دەل بالىلارنىڭ ئاڭلىماقچى بولغان سۆزى ئىدى. بىراق، بۇلار ئەمدى باشلانغان ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتىدە ھېچقانچە ئۆزگىرىش بولمىدى.

دەسلەپتە، بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنىڭ يېرىمىغا كەلگەندىلا بالىلار دادىسى بىلەن تاكاللىشاتتى. ئۇلار دائىم ئۆزلىرى ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلەر ئۈچۈن ھەر خىل باھانە ئىزدەشكە تىرىشاتتى ھەمدە ھەربىر باھانىنى دادىسىغا سۆزلەپ بېرىشنى ئويلايتتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئاقلىغانسېرى، ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن خاتالاشقانلىقىنى ھېس قىلاتتى.

ئۇلار تاكاللاشقان ۋاقىتتا، ئاچچىقتىن يېرىلىپ كېتەي دېگەن دادا ئۇلارغا ۋارقىراپ تۇرۇپ «سەن بىلەن مۇنازىرە قىلماقچى ئەمەسمەن. مەن ساڭا ئويلىغىنىمنى ئېيتتىم، ئەگەر سەن مېنى ئاشۇنداق كۆپ سۆزلىسۇن دېسەڭ بولىدۇ، مەنمۇ داۋاملىق سۆزلەۋېرەي» دېدى.

بالىلار ناھايىتى تېزلا شۇنى بايقىدىكى، ئۇلار قايسىلا ئىشنى خاتا قىلمىسۇن، دادىسى ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىغا بولغان ھېسسىياتىنى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ ئېيتاتتى.

كېيىن، ئۇ يەنە بىر ئىش قىلىپ، ئائىلىنىڭ كەيپىياتىنى كۆرۈنەرلىك ئۆزگەرتتى. ئۇ بالىلارنى تەنقىدنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ۋاقىت چىقىرىپ ئۆزى بىلەن پاراڭ سېلىشىشقا، ئۆزىگە ئېيتماقچى بولغانلىرىنى قورقماي ئېيتىشقا رىغبەتلەندۈردى.

ئادەتتە، بالىلار دادىسىنىڭ گېپىنى ياخشى ئويلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ گېپىنىڭ ناھايىتى ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ، شۇڭلاشقىمۇ ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ پاراڭلاشمايدۇ.

ئەمما، بالىلار بىر ئازدىن كېيىن كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆز-لەشمەكچى بولغاندا، ئۇ ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلىدى. ئۇمۇ بالىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ گېپىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلى-شىنى ئۈمىد قىلاتتى.

> بالىلىرىمنى مېنىڭ گېپىمنى ئەستايىدىل ئاڭلىسۇن، دەيدى-كەنمەن ئۆزۈم چوقۇم ئۇلارنىڭ گېپىنى ئەستايىدىل ئاڭلىشىم كېرەك

بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنىڭ ئېلىپ بېرىلغىنىغا ئەمدى تېخى بىر-نەچچە ھەپتە بولغان بولسىمۇ، دادا، بالىلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىدە كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشنىڭ بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۆزگىرىش كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ۋاقىتتا يۈز بەرمەيدۇ ئەلۋەتتە، مۇشۇ كىچىككىنە مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن دادا قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتتى-ھە!

گەرچە، دوختۇر ئۇنىڭغا بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنىڭ ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم كۆرسىتىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا ئېيتقان بولسىمۇ، دادا بالىلاردا يۈز بەرگەن ھەيران قالغۇدەك ئۆزگىرىشنى كۆرگەن چاغدا ناھايىتى خۇش بولدى ۋە بىر ئاز ئەنسىرەپمۇ قالدى.

بىر كۈنى، ئۇ كىچىك ئوغلىدىن بىر مىنۇتلۇق تەنقىدتىن ئىبارەت بۇ خىل باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا قانداق قارايدىغانلىقىنى سورىدى.

«مەن ئانچە ياقتۇرمىدىم» دەپ جاۋاب بەردى كىچىك ئوغلى. «ئۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويىدىكەن. يەنە تېخى ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتسىمۇ، ئادەم ئۇنتۇپ كېتەلمەيدىكەن» دېدى.

دادىسى ناھايىتى ھەيران بولۇپ يەنە سورىدى. «كاساڭغا ئۇرغاندەك ئازابلانمايدىغانسەن؟»

«كاسامغا ئۇرغاندىنمۇ بەكرەك ئازابلىنىمەن دادا، مەن ئۇ خىل تۇيغۇنى، يەنى ئۆزۈمنىڭ خاتا ئىش قىلىپ قويغانلىقىمنى ھېس قىلغان ئۇ خىل تۇيغۇنى پەقەتلا ياخشى كۆرمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل تۇيغۇ كاسىغا تاياق يېگەندىنمۇ ئۇزاق داۋام قىلىدىكەن. مەن دائىم مېنىڭ ياخشى بالا ئىكەنلىكىمنى ئېيتقىنىڭنى ئويلاپ قالىمەن.

دادا ئۆزىنىڭ ئەمدى جاۋابقا ئېرىشكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئۇ ناھايىتى تېزلا بالىلىرىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىدىكى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشنى كۆرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بالىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بالىلار ھەقىقەتەنمۇ ئۆزلىرىنىڭ خاتا ئىش قىلىپ قويۇشىنى ياقتۇرمايدۇ. بىراق، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئىشىنىشىگە تەسىر قىلالمايدۇ. بىراق، دادىنى خۇشال قىلىدىغان يېرى شۇكى، بالىلار ئۇنىڭ بىلەن بارا - بارا يېقىنلىشىشقا باشلىدى.

بالىلار ئۆزلىرىنىڭ سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە تەنقىدكە ئۇچرايدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ياخشى بالا ئىكەنلىكىنى، يەنە دادىسىنىڭ ئۆزلىرىنى ناھايىتى سۆيىدىغانلىقىنى بارا - بارا چۈشەندى.

ئەلۋەتتە، دادا باشتىن - ئاخىر ئۇلارنى ياخشى كۆرەتتى، بىراق ئۇ بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنى قوللانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئائىلىسى تېخىمۇ ئىناق ئۆتۈشكە باشلىدى.

ئۇ ئويلىنىپ قالدى:

سۆيۈلۈش ۋە سۆيۈلۈشنى ھېس قىلىش ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور پەرق بار ئىكەن.

باللار ئۆزلىرىنىڭ ياخشى كۆرۈلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى، چۈنكى دادا ئۆزىنىڭ ئۇلارغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەنىدى.

ئۇنىڭ ئەنسىرىگىنىدەك، باشلىنىشىدا، ئاچچىقلانغاندىن كېيىن دەرھاللا ئۆزىنىڭ باللارغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلەش، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھەقىقەتەن تەس كەلدى. بەك ئاچچىقى كەلگەن چاغلاردا، بەزىدە باللارغا ئۇلارنىڭ ياخشى بالا ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى دېيىشنى ئۇنتۇپمۇ قالاتتى. بىراق، ئارقا - ئارقىدىن قىلىۋەرگەندىن كېيىن، ئاخىر ئۇمۇ بارغانسېرى ياخشى قىلىشقا باشلىدى.

ئۇ باللارنىڭ خاتا ئىش قىلغانلىقىغا بولغان نارازىلىقىنى تولۇپ تاشقان ھېسسىيات بىلەن ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بولدى. ئاندىن ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا ئۇلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، ھەتتا ئۇلار سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن چاغدىمۇ ئوخشاشلا ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۆزىدە ئىشەنچ شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئۇ باللارنى سەمىمىيلىك بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى سۆزلەشكە رىغبەتلەندۈردى. بارا - بارا باللار بىر - بىرلەپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز پاراڭلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق نارازىلىقى ۋە باش ئاغرىقلىرى بار بولۇپ، ئۇلار بۇلارنىڭ بىرىنىمۇ يوشۇرماي دادىسىغا ئېيتىپ بەردى.

ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ دادىسىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. ئۇلار دادىسىنى ناھايىتى چىڭ قۇچاقلايتتى، بەزىدە ناھايىتى ئۇزۇن قۇچاقلاپ تۇرغاچقا، دادا بىر ئاز ئوڭايسىزلىنىپمۇ قالاتتى. بىراق، ئۇ بۇنداق بولۇشنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەتتى.

ئەڭ ئاخىردا، ھەممىدىن نارازى بولىدىغان چوڭ ئوغلى ئۇنى ئىزدەپ كىردى. بۇ ياش ئۆمرىدىكى ئەڭ چوڭ ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىغان بولۇپ، كىمدىن ياردەم سوراشنى بىلەلمەي قالغانىدى.

ئۇ ئىنى - سىڭىللىرىنىڭ دادىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ بارا - بارا ياخشىلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭمۇ ئۇلارغا ئوخشاش بولۇشىنى ئويلىدى.

ئۇ سىناپ كۆرۈشنى قارار قىلدى ۋە بارلىق ئىشلارنى دادىسىغا ئېيتتى.

ئۇ ئۆزى قىلغان ھەممە ئەسكىلىكلەرنى بىر - بىرلەپ ئەينەن سۆزلىدى ۋە جىمىدە ئولتۇرۇۋالدى. ئېنىقكى، ئۇ ياردەم ئىزدەۋاتاتتى.

دادىسى بۇ ئۇرۇشقاق بالىسىنى ھەم ياخشى كۆرەتتى، ھەم ئۆچ كۆرەتتى. نېمىشقىدۇر، چوڭ ئوغلى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشنى بىر ئاز قىيىن كۆردى، بىراق ئۇ، بالىنىڭ ئېھتىياجلىق بولغىنى ۋە ئويلايدىغىنى ئۆزىنىڭ بالا بىلەن بولغان سەمىمىي سۆھبىتى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

ناھايىتى كېچىككەن بىر مىنۇتلۇق تەنقىد ئاخىر باشلاندى.

دادا بالىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ: «سەن باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىنى ۋەيران قىلدىڭ، پۈتۈنلەي كېرەكتىن چىقاردىڭ! بۇنداق قىلسا بولمايدىغانلىقىنى ئۆزۈڭ ئېنىق بىلىسەن!

«سېنىڭ قىلغانلىرىڭغا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، مەن تويۇپ كەتتىم! بەك ئاچچىقىم كېلىۋاتىدۇ. ئاچچىقتىن يېرىلىپ كېتەي دېدىم.»

دادىنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، بويىنىدىكى تومۇرلارمۇ كۆپۈپ كەتكەنىدى.

ئۇ نەچچە يىللاردىن بېرى يىغىلىپ قالغان ئاچچىقىنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا چىقىرىۋالماقچى بولدى. بىراق، ئۇ ئاچچىقىنى ئۇزاق داۋاملاشتۇرمىدى. ئۇ، ئاچچىقلاشنىڭ ۋاقتى ئۇزاق بولمىسىمۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ئاچچىقنى چىقىرىۋېلىش پۇرسىتىنىڭ يەنە بارلىقىنى بىلەتتى.

ئۇ بالىسىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ «بەك ئاچچىقىم كەلدى!» دەپ ناھايىتى تېزلا يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى.

ئەمدىلىكتىكى قىسقىغىنا سۈكۈتتە، چوڭ ئوغلى دادىسىنىڭ غەزىپىنى ھېس قىلدى.

بالا بۇ خىل تۈيغۇنى پەقەتلا ياقتۇرمىدى.

بۇ ۋاقىتتا ئۇ دادىسىغا چىش تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتتى. ئۇ دادىسىنىڭ قوللانغان بۇ ئۇسۇلىنى ياقتۇرمىدى ۋە ئۆزى ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلەر ئۈچۈن ھەر خىل باھانە ئىزدەشكە باشلىدى.

ئۇ ئەمدى ئېغىز ئېچىپ رەددىيە بەرمەكچى بولغاندا، دادا ئېغىر ئۇھ تارتىپ، قولىنى بالىنىڭ مۈرىسىگە يېنىككىنە قويدى.

ئۇ ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن «بالام، سەن قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ياخشى بالا بولالايدىغانلىقىڭنى بىلىسەن، سېنىڭ ئۇ ئىش - ھەرىكەتلىرىڭگە سېلىشتۇرغاندا سەن ئۆزۈڭ ئەسلىي ياخشى بالا، سەن ۋەيران قىلغان ئۇ نەرسىلەرنى چوقۇم تۆلىشىڭ كېرەك، سېنىڭ مۇشۇنداق قىلالايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن. چۈنكى، سەن ياخشى بالا، بۇ نۇقتا ھەر ئىككىلىمىزگە ئايان. بالام، سەن ناھايىتى ياخشى، ھەققانىي ۋە سەمىمىي بالا.

دادا بىردەم توختىۋېلىپ، ئاندىن «بالام مەن سېنى بەك ياخشى كۆرىمەن» دېدى - دە، غۇلاچ كېرىپ بالىسىنى چىڭ قۇچاقلىدى.

چوڭ ئوغلى بىر ئاز گاڭگىراپ قالدى ۋە ئۇمۇ دادىسىنى قۇچاقلىدى. بىراق، ناھايىتى تېزلا دادىسىنىڭ قوينىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، دادىسىنىڭ يېنىدىن ئايرىلدى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى، چوڭ ئوغلى ئۆزى ۋەيران قىلىۋەتكەن نەرسىلەرنى تۆلەشكە خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدى، نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن كېلىپ دادىسى بىلەن مۇڭداشتى. بىراق، ئۇ يەنىلا ئەركىن بولالمىدى. پەقەت «رەھمەت، دادا» دەپلا چىقىپ كەتتى.

دادا بالىسىنىڭ ئاددىيغىنا بۇ بىر جۈملە سۆزىدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھېس قىلالىدى.



ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ دادا بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنىڭ بەش بالىسىنى باشقۇرىدىغان بىردىنبىر ئۇسۇل بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىدى.

قىسقىغىنا نەچچە ئاي سىناش ئارقىلىق ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىلگەندى. ھازىر ھەممە بالىسى ناھايىتى ئەدەپلىك بالا بولۇشنى خالايدىغان بولدى. ھەتتا دائىم تەنقىد يەيدىغان چوڭ ئوغلىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىدىمۇ ياخشىلىنىش بولۇپلا قالماستىن، پوزىتسىيەسىمۇ ياخشىلىنىشقا باشلىدى.

بالىلاردا ئاخىر ناھايىتى ياخشى بولغان ئۆزلۈك تۇيغۇسى پەيدا بولدى.

پۈتۈن ئائىلە كىشىلىرى ئائىلە تۇرمۇشىنى بارا - بارا ياخشى كۆرۈپ قېلىشقا باشلىدى. دادا، ئايالى ھايات چېغىدا بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنى ئۆگىنىۋالغان بولسا، ئۇلارنىڭ بىرگە ئۆتكەن كۈنلىرىنىڭ تېخىمۇ خۇشال بولىدىغانلىقىنى ئويلىدى.

«تاللا بازىرى ۋەقەسى» گە قەدەر، ھەممە ئىشلار ناھايىتى ئوڭۇشلۇق كېتىپ باراتتى.

## بالا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز كېرەك

بىر كۈنى دادا بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى تاللا بازىرىغا باردى. ئەڭ كىچىك قىزى مال سېتىۋېلىش ھارۋىسىنىڭ ئالدىدىكى بالىلار ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغانىدى. ئۇ تۇيۇقسىزلا قارىغىشلىق قىلىپ يىغلاپ دادىسىغا بارلىق «ياخشى نەرسىلەر» نى مال سېتىۋېلىش ھارۋىسىغا سېلىشنى ئېيتتى. ئارقىدىنلا قولى يېتىدىغان جازىلاردىكى نەرسىلەرنى مال سېتىۋېلىش ھارۋىسىغا سېلىشقا باشلىدى. ئۇ بىر ياقتىن نەرسىلەرنى ھارۋىغا سالغاچ بىر ياقتىن تېخىمۇ كۈچەپ يىغلايتتى.

دادا بالىنىڭ يىغا ئاۋازىنىڭ ئادەم تىرناق بىلەن دوسكىنى تاتىلىغاندىنمۇ بەكرەك بىئارام قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ بۇنى بالىلىرىغا ئېيتتى.

ئۇ ناھايىتى ئاچچىقلانغان ھالدا قىزىغا قاراپ: «شاكىچىك، سەن تەنقىدلىنىدىغان بولدۇڭ» دېگەندە، كىچىك قىزى ناھايىتى خۇشال ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ، «مېنى تەنقىدلە دادا! قېنى مېنى تەنقىدلەمەمسەن!» دېدى.

«بۇنداق بولسا توغرا ئەمەس، ئۇ تىرىشىپ تۇرۇپ تەنقىدلىنىشتىن ساقلىنىشى كېرەك ئىدى. بىراق، ھازىر ئۇ ئەكسىچە تەنقىدلىنىشنى ئارزۇ قىلىۋاتىدىغۇ؟» دەپ ئويلىدى دادا.

دادا ناھايىتى بىئاراملىق ھېس قىلدى ۋە قىزىنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ قەددىنى رۇسلاپ تۇرۇپ بىرنەچچە ئېغىز تەنقىدلىدى.

كىچىك قىزچاق ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە كەلدى. ئۇ ئۆزىنى ئەركىن قويۇۋېتىپ، خۇشاللىق بىلەن دادىسىنى قۇچاقلىدى. قال-

غان بۇ بىر كۈندە ئۇ ناھايىتى گەپ ئاڭلىدى.

دادىنىڭ كالىلىسىدىن پەقەتلا ئۆتمىدى. «مېنىڭ خاتالىقىم زادى نېمە؟» ئۇ، ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قويىاتتى.

دادا باللىرى بىلەن بىر دۆۋە يەيدىغان نەرسىلەرنى ماشىنىغا سېلىپ ئۆيگە ماڭدى. يولدا ماڭغاچ باللار ئامال بار ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتماقچى بولۇشتى. بىراق، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر ئويغا پېتىپ ماڭدى.

«چوقۇم بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئامال بار، تەنقىد قىلىشتىن باشقا ئامال يوق دەپ ئولتۇرسام بولمايدۇ. مەن چوقۇم تېخىمۇ ياخشى بولغان ئۇسۇلنى تېپىپ چىقىپ، باللار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشۈم كېرەك» دەپ ئويلىدى.

بىراق، بىر مىنۇتلۇق تەنقىدتىن ئىبارەت تېز ۋە ئۈنۈملۈك بولغان ئۇسۇلنى بالا باشقۇرۇشتىكى بىردىنبىر ئۇسۇل قىلىپ قوللانغاندىن بېرى، بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپ يېنىكلەپ قالغىنىغا ئۇ ھەقىقەتەن ئىقرار ئىدى.

«مېنىڭچە، چوقۇم تېخىمۇ ياخشى ئامال بار. ياخشى (لاياقەتلىك) ئائىلە باشلىقى بولۇش باللىنى ياخشى تەربىيەلەشتىنلا ئىبارەت بۇنداق ئاددىي ئەمەس».

«مەن باللىرىمنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلۇق بولۇپلا قالماستىن، ئۆز ـ لىرىدە مۇۋەپپەقىيەتكە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ بولۇشىنى ھەمدە ئۆزلىرىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىـ ـمەن. شۇڭلاشقا، قانداق قىلىشىم كېرەك؟»

دادا ماشىنا ھەيدىگەچ بۇلارنى ئويلىدى.

ئۇ ئالدىدىكى ماشىنىغا قارىدى. ماشىنىنىڭ يىخەتەرلىك لىمى ـ دىكى خەتلەر ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

بۈگۈن سىز باللىڭىزنى قۇچاقلىدىڭىزمۇ؟

دادا ناھايىتى ھەيرانلىق بىلەن شۇنى بايقىدى، بۇ بىر جۈملە سۆزنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن تۇنجى ئىنكاسى بولسا «ياق! بۇ ... بۇ بولسا بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر بۆلىكى».

ھازىر دادا، باللارنىڭ مەقسىتىنى ئاخىر چۈشەندى. ئۇ چوڭ ئوغلىنىڭ يېقىندىن بېرى چىقارغان چاتىقىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنىڭ، كىچىك قىزىنىڭ تاللا بازىرىدا بىشەملىك قىلىپ يىغلىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدى.

«مېنىڭ بارلىق دىققىتىمنى تارتماقچى ئىكەندە» دادا ئاخىر ھەممىنى چۈشەندى. «بۇ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ قۇچاقلىشىمغا ھەمدە گەرچە ۋاقتى ئاران بىر مىنۇت بولسىمۇ، مېنىڭ ئۇلارغا ‹مەن سىلەرنى بەك ياخشى كۆرىمەن› دېيىشىمگە مۇيەسسەر بولالايدىكەن.»

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە شۇنى ھېس قىلدىكى، باللارنىڭ ئىپادىسى ناھايىتى ياخشى بولغان چاغدا، ئۇ يۇنىڭغا نىسبەتەن ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەيدىكەن.

ھېچنىمە يوق! يوق!

بالىسىدىن بىرى ماشىنىدا غەلۋە قىلىشقا باشلاپ، دادىسىنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

ئۇ بالىسىغا قاراپ كۈلۈپ كەتتى.

«نېمىگە كۈلىسەن دادا» دەپ سورىدى چوڭ قىزى.

«ئېسىمگە ئۆزۈمگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر يۇمۇر كېلىپ قالدى» دېدى دادا. ئۇ بالىلىرىغا ۋەدە بېرىپ: «بىر ئازدىن كېيىن، سىلەرگە ئېيتىپ بېرىمەن» دېدى. ئۇ ئۆزىنىڭ چوقۇم ئېيتىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئارقىدىنلا، ئۇ يەنە چوڭقۇر ئويغا پاتتى. باشلىنىشىدا «باللار خاتالىق ئۆتكۈزمىسە، نېمە ئۈچۈن مەن چوقۇم ئۇلارغا بىرەر ئىش

قىلىپ بېرىمەن» دەپ ئۆز - ئۆزىنى ئاقلىدى. «ئۇلار ئەسلىدىلا مۇشۇنداق ئەدەپلىك بولۇپ گەپ ئاڭلىشى كېرەك. كىچىك چاغلىرىمدا مەن ناھايىتى گەپ ئاڭلىغان ۋاقتىمدىمۇ ئاتا - ئانام ماڭا بىرەر ئىش قىلىپ بەرمىگەنغۇ؟» دەپ ئويلىدى.

ئارقىدىنلا، ئۇ ناھايىتى ياخشى بىر ئۇسۇلنى ئويلاپ چىقتى، بۇ ئۇسۇل ھەقىقەتەنمۇ قالتىس ئىدى.

ئەتىسىدىن باشلاپ، بالىلىرى خاتا ئىش قىلىپ ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتمىسىمۇ بولاتتى.

ئۇنى خۇشال قىلغىنى ھەپتە ئاخىرىدىكى دەم ئېلىش تېخى ئەمدى باشلانغانىدى. ئۇنىڭ بالىلىرى ئۈچۈن ھەر خىل ئىشلارنى قىلىپ بېرىشكە ۋاقتى بار ئىدى.

ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇ چوڭراق ئىككى قىزىنىڭ ھويلىدا ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تۇيۇقسىزلا ئىزدىمەكچى بولغان نەرسىسىنى بايقىۋالدى.

ئۇ «قىزلار، بۇياققا كېلىڭلار» دېيىشىگە، ئىككى قىزى ناھايىتى قورقۇپ كېتىشتى.

ئىككى قىزى «بىز نېمە ئىشنى خاتا قىلدۇق؟» دېگەندەك بىر - بىرىگە قاراشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمىنى خاتا قىلىپ قويغانلىقىنى بىلەلمىگەنىدى.

ئۇلار خۇشياقمىغان ھالدا دادىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

بۇ بىرنەچچە ئايدىن بېرى، بالىلار دادىسى بىلەن خېلىلا يېقىنلاشقانلىقىنى ھېس قىلغان ھەمدە ئۇنى بارا - بارا ياخشى كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن يەنىلا بىر ئاز تەپ تارتاتتى.

«باياتىن بېرى قارىسام، ئىككىڭلار ئويۇنچۇقۇڭلارنى ئالماشتۇرۇپ ئويناۋېتىپسىلەر» دېدى دادا ئىككى قىزىنىڭ مۈرىلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ.

ئىككى قىزى بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈشتى.

دادىمۇ كۈلدى ۋە ئارقىدىنلا «مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، بۇ ئىدىشچىلار مېنى قەۋەتلا خۇش قىلدى. بۇنداق ئىككى سېخىي قىزىمنىڭ بولغىنىدىن بەكلا خۇشال بولۇۋاتىمەن. بىر ئائىلە كىشىلىرى بولغىنىمىزدىن پەخىرلىنىمەن» دېدى.

دادا ئۇلارنى بىر - بىرلەپ باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ: «مەن سىلەرنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن» دېدى.

بۇ ئىككى قىز تۇرغان يېرىدە دادىسىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. بىراق دادا ھېچنېمە دېمىدى. ئۇلار ئاستا بۇرۇلۇپ ماڭدى. گەرچە نېمە ئىش بولغىنىنى بىلىپ كېتەلمىسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە كۈلكە جىلۋىلەندى، ئۇلار ناھايىتى خۇشال بولغانىدى.

بالىلار دادىسىنىڭ ماشىنا ھەيدەپ ئۆيگە ماڭغاچ «بالىلارنىڭ توغرا قىلغان ئىشلىرىنى تىرىشىپ بايقىۋېلىشىم كېرەك» دېگەن قارارنى چىقارغانلىقىنى بىلمەيتتى.

بالىلار بىرەر ئىشنى توغرا قىلالىسىلا، ئۇلارغا «بىر مىنۇتلۇق ماختاش» ئېلىپ بېرىش. بۇنى دادا ئۆزى ئىجاد قىلغانىدى. بۇ، ئۇنىڭ بالىلىرىغا دائىملىق بېرىدىغان سوۋغىسىغا ئايلاندى.

ئىككى قىزىنىڭ ئىنكاسىنى كۆرگەن دادا كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قارارىنى بۇنچىۋالا تېز يولغا قويالىغانلىقىدىن بەكلا خۇش بولدى. «بۇنداق قىلىشىم ئۇلارنى مۇنچىۋالا ھەيران قالدۇرغان بولسا، چوڭ ئوغلۇمنىڭ ئىنكاسىنى بىر كۆرۈپ باقاي» دەپ ئويلىدى.

دادا شۇنى ئىقرار قىلمىسا بولمايدىكى، گەرچە ئۇ چوڭ ئوغلىنىڭ بەزى قىلىقلىرىنى يەنىلا ياخشى كۆرۈپ كەتمىسىمۇ، بىراق چوڭ ئوغلىدىكى بۇ خىل پوزىتسىيەنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى دەل ئۆزىنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت چوڭ ئوغلىغا ئېتى-

بارسىز قارىغانلىقىدىن ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۆتكەن ئىشلاردىن بىر ـ بىرلەپ كەچۈرۈم سورىغۇسى كەلمىدى، ئوغ ـ لىدىكى قەيسەر پوزىتسىيەنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مەسئۇلىيەت ـ نىڭ ھەممىسىنى ئۇستىگە ئارتىۋېلىشنى تېخىمۇ خالىمىدى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇ بۇ ئىش توغرۇلۇق ئوغلىغا نەچچە قېتىم ناھا ـ يىتى نەتىجىلىك بولغان تەربىيەلەرنى ئېلىپ بارغانىدى. ئوغلىنىڭ تەبىئىتىنىڭ ئەسكى ئەمەسلىكى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېنىق ئىدى.

ئوغلىنىڭ ئۆزلۈكىدىن بىرەر ياخشى ئىش قىلىشىنى كۈتۈشكە ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى دادا ئېنىق بىلەتتى. شۇڭلاشقا، ئۇ بالىسىنىڭ توغرا قىلغان بىرەر ئىشىنى تىرىشىپ بايقاشنى قارار قىلدى.

ئۇ بىر تەرەپتىن چوڭ ئوغلىغا «بىر مىنۇتلۇق ماختاش» ئېلىپ بېرىش پۇرسىتىنى كۈتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشلارنى ئانالىز قىلىۋاتاتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر كۈنى چوڭ ئوغلى دادىسىنىڭ ھوجرىسىغا

> مەن بالىلارنىڭ نېمە ئىشنى توغرا قىلغانلىقىنى بايقاش ئارقى ـ لىق، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ناھايىتى ياخشى قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشىغا ياردەم قىلىشىم كېرەك

كىرىپ كەلدى. تەنقىدتىن كېيىن ئاندا ـ مۇندا مۇڭداشقاننى ھې ـ سابقا ئالمىغاندا، دادا بالا ئىككىسى ناھايىتى ئاز پاراڭ سېلىشاتتى.

«ماشىناڭنى ماڭا بېرىپ تۇرامسەن؟» دەپ سورىدى ئوغلى ناھا ـ يىتى قوپاللىق بىلەن. «دادا»، «سىز» دېگەنگە ئوخشاش ئاتالغۇلار غەزەپ بىلەن تولغان بۇ لۇغەتكە كىرگۈزۈلمىگەنىدى.

«ئەلۋەتتە بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى دادا بالىنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىپ.

دادا ئەمدى قىلماقچى بولغان ئىشىنىڭ ئوغلىنى ناھايىتى ھەيران قالدۇرىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ دەسلەپپىدە شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بىراق، ئۇ يەنىلا ئوغلىغا گەپنى ئۇدۇللا دېيىشنى قارار قىلدى.

«ئاددىي بولغان ھەقىقەت ئەڭ قايىل قىلارلىقتۇر. پەقەت راستچىللىقلا ئۇنى ئىشەندۇرىدۇ» دەپ ئۆز - ئۆزىنىڭ سەمىگە سېلىپ قوياتتى دادا.

بۇلارنى ئويلىغان دادا ئوغلىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئوغلىنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: «يېنىمغا كېلىپ ماشىنا سۈرگىنىڭگە رەھمەت بالام» دېدى.

«بىر نەرسىنى ئارىيەت ئېلىشتىن بۇرۇن ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش ناھايىتى ياخشى ئادەتتۇر. بەزى بالىلار گەپ قىلماستىنلا ماشىنىنى ھەيدەپ چىقىپ كېتىدۇ. بۇنداق قىلىش نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلىدۇ. سەن مەندىن ماشىنىنى سوراپ ناھايىتى توغرا قىلدىڭ.»

دەسلەپپىدە بالا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي پەقەت مۇجمەل قىلىپ «رەھمەت» دېدى.

دادا كۆلۈمسىرەپ بالىسىنىڭ بېلىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ «مەن سېنى بەك ياخشى كۆرىمەن» دېدى - دە، ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى، پۈتۈن جەريانغا بىر مىنۇتمۇ ۋاقىت كەتمىدى.

بالا دادىسىنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىپ كېتىپ بېرىپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ دادىسىغا قاراپ قويدى.

بىر مىنۇتلۇق ماختاش مانا مۇشۇنداق ئۇن - تىنسىز باشلاندى. ئىككىنچى كۈنى كەچتە، بالىلارنىڭ ھەممىسى دادىسىدىكى ئۆزگىرىشنى بايقىدى. بىراق، ئۇلار نېمە ئىشنىڭ يۈز بەرگىنىنى بىلەلمەي قالدى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، دادا بالىلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ،

«مېنىڭچە سىلەرنىڭ نېمە ئىش بولغىنىنى بىلگىڭلار بارغۇ دەي-مەن» دەپ سورىدى.

«شۇنداق» دەپ جاۋاب بەردى كىچىك ئوغلى.

«بولىدۇ، ئۇنداقتا مەن سىلەرگە ئېيتىپ بېرەي» دېدى دادا.

ئۇ چوڭ قىزىغا قاراپ دېدى: «ئېسىڭىزدىمۇ ئومىدقىلىم، ھېلىقى كۈنى بىز ماشىنا ھەيدەپ ئۆيگە قايتقاندا، نېمىگە كۈلۈۋاتقانلىقىمنى سورىغانىدىڭىز، مەن شۇ چاغدا ئېسىمگە ئۆزۈم توغرۇلۇق بىر يۇمۇر كېلىپ قالدى دېگەنىدىم».

«ئېسىمدە، سىز تېخى بىزگە ئېيتىپ بېرىشكە ماقۇل بولغانىدىڭىز» دېدى چوڭ قىزى، ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئېغىز سۆزىنى دادىسىنىڭ ئېسىدە تۇتۇۋالغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال بولدى.

«توغرا، ئۇ كۈنى مەن ماشىنا ھەيدەۋېتىپ، سىلەرنىڭ ئەپادەڭلار ياخشى بولغان چاغدا ئۆزۈمنىڭ سىلەرگە ئانچە دىققەت قىلىپ كېتەلمىگەنلىكىمنى، پەقەت سىلەر خاتالىق ئۆتكۈزگەندىلا ئاندىن سىلەرگە دىققەت قىلىدىغانلىقىمنى ئويلىدىم.»

بۇنى ئېيتىپ بولۇپ، دادا كۈلۈپ كەتتى ۋە «مەن بۇ ئىشلارنى ئويلاۋاتقان چېغىمدا، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى بىرسى تېخى شوخلۇق قىلىشقا باشلىغان» دېدى.

بالىلارمۇ كۈلۈپ كەتتى. ئارىسىدىكى بىرەيلەن تېخى ئۆزىنى باسالماي قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

«ئۇ چاغدا مەنمۇ كۈلۈپ كەتتىم» دېدى دادا گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ «چۈنكى بۇ بىزنىڭ ئائىلىدىكى مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. مەن سىلەرگە دىققەت قىلمىغان چاغلىرىمدا سىلەر نېمە ئىشلارنى قىلدىڭلار؟»

«مەن ئىنىم بىلەن تاكاللاشتىم» دېدى بىر قىزى ئىقرار قىلىپ.

«سىلەرنىڭ ئىپادەڭلار ياخشى بولغان چاغدا، مېنىڭ سىلەرگە

دىققەت قىلىشىمنى خالامسىلەر؟»
«ئۇنداقتا ناھايىتى ياخشى بولاتتى» دېدى بابا گەپ قىلغان قىزچاق.
«بۇرۇنراق مۇشۇنداق بولسا بولاتتى» دېدى چوڭ ئوغلى غوتۇلداپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى پەس بولسىمۇ، بىراق كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئاڭلىدى.
دادا نارازى بولغاندەك چوڭ ئوغلىغا قارىدى.
«كەچۈرۈڭ، ناھايىتى ئەپسۇس» دېدى چوڭ ئوغلى.
پۈتۈن ئۆيدىكىلەر ھەيران قالدى. چۈنكى، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بىرىنچى قېتىم مۇلايىملىق بىلەن دادىسىغا گەپ قىلىشى ئىدى. دېمەك ئۇ ئۆزگىرىشكە باشلىغانىدى.
دادا كۈلۈپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتقىنىچە رەھمىتىنى بىلدۈردى ۋە ئاندىن «ئوغلۇم، دېگىنىڭ خاتا ئەمەس، ئەسلىدىلا بالدۇرراق مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى» دېدى.
«مېنىڭچە، سىلەرمۇ بىللە بولغان چاغلىرىڭلاردا ئۆزئارا بىر-بىرىڭلارنى ئەپۇ قىلىڭلار، باشقىلارنى ئۆزۈڭلارغا قانداق مۇئامىلە قىلسۇن دېسەڭلار، ئۆزۈڭلار باشقىلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىشىڭلار كېرەك».
«سىرتتىكى جەمئىيەت ناھايىتى رەھىمسىزلىشىپ كەتتى. بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ ئۆيدە جېدەللىشىپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق.»
«ئەگەردە بىز ئۆيدە باشقىلارنىڭ نېمە ئىشلارنى توغرا قىلغانلىقىنى تىرىشىپ بايقىۋالىساق، كۆپچىلىك ئۆزئارا ناھايىتى ئىناق ئۆتكەن بولاتتۇق.»
ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى، ئەمما ھەممىسى كۆڭلىدە قايىل بولغانىدى.
«ئەگەردە ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىمىزنى

بىلگەن بولساق، كۆڭلىرىمىز ناھايىتى خاتىرجەم ۋە تېخىمۇ خۇشال ئۆتكەن بولاتتى» دېدى دادا. «شۇڭلاشقا، ئىپادەڭلار ياخشى ياكى ناچار بولسۇن، مەن ئامالنىڭ بارىچە بۇنى ئۆزۈڭلارغا ھېس قىلدۇرىمەن.»

«ئەگەر مەن سىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىڭلاردىن رازى بولمىسام، سىلەرگە ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ ئېيتىمەن» دېدى دادا.

«سىز بىزگە بىۋاسىتە ئېيتىڭ» دېدى كىچىك ئوغلى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. دادىسى كۈلۈپ تۇرۇپ: «يېقىندىن بېرى ئىشلارنى خۇددى كەسىپ ئەھلىلىرىدەك قىلىۋاتىسەن، شۇنداققۇ ـ ھە!» دېدى.

«شۇنداق، سىز ناھايىتى ياخشى قىلدىڭىز، دادا، راست گەپنى قىلساق بۇنىڭ بىزگە بەك پايدىسى بولدى» دېدى چوڭ قىزى.

ئۇ بېرىپ دادىسىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ «مەن سىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن» دېدى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۈندىمىدى. بىراق، ھەربىر ئادەم بۇ ئۆينىڭ مۇھەببەتكە تولغانلىقىنى ھېس قىلىشتى.

ئاخىردا دادىسى «رەھمەت سۆيۈملۈكۈم، بۇ مېنى بەك خۇش قىلدى. بىلىشىڭىز كېرەك، مەنمۇ باشقىلار تەرىپىدىن ماختىلىشنى ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى داداڭلارمۇ ئادەمدە!» دېدى.

بۇ بالىلار ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان مەسىلە ئىدى. كىچىك ئوغلى كۈلۈپ تۇرۇپ: «دادا، مەن بۇ ئامالنى ياخشى كۆرىمەن. بىر مىنۇتلۇق ماختاشنى ياخشى كۆرىمەن» دېدى.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ بولۇپ، بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كىچىك قوللىرى بىلەن دادىسىنىڭ كەڭ مۈرىسىنى قۇچاقلاپ، كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ «بىزگە بۇرۇنقىدىن كۆپ سۆزلەيدىغان بولدىڭىز دادا. ئەمەلىيەتتە سىز بىزگە چوڭلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدىغان بولدىڭىز، مەن سىزگە ئۆزۈمنىڭ تەسىراتىنى ئېيتىپ بەرمەكچى، مې-

نىڭچە بۇنداق بولسا بەك ياخشى بولىدىكەن!» دېدى.

باللارنىڭ ھەممىسى كۈلۈپ كەتتى، ئەلۋەتتە چوڭ ئوغلىمۇ بۇ-نىڭ سىرتىدا ئەمەس ئىدى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بۇنىڭ بىر مىنۇتلۇق ماختاش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدى، ئۇلار بۇ خىل كەيپىياتنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەنىدى.

ئارقىدىنلا كىچىك ئوغلى بوشقىنە ئاۋازدا «مەن سىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن دادا» دېدى ـ دە، دادىسىنى چىڭ قۇچاقلىدى.

دادا ئۆزىنى بوغۇلۇپ كەتكەندەك ھېس قىلدى. بىراق باللىرىغا بىلدۈرمىدى. ئۇ چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن، كۈلۈپ تۇرۇپ: «رەھمەت بالام، ماڭا كېرەك بولغىنى دەل مۇشۇ» دېدى.

دادا باللىرىغا ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش-نى تېخى ئۆگىنىپ بولالمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دائىم دېگۈدەك با-لىلىرىنىڭ ئالدىدا ھېسسىياتىنى ئۆزى ئويلىغاندەك ئىپادىلەپ بېرەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئاشۇنداق قىلالىغان چاغلىرىمۇ بولغان، بولۇپمۇ ھازىر ئاشۇنداق قىلىش قېتىم سانى بارغانسېرى ئېشىۋاتاتتى.

باللارنىڭ ھەممىسى دادىسىنىڭ ناھايىتى تىرىشىۋاتقانلىقىنى كۆ-رۈپ يەتكەچكە، ئۇنى بارغانسېرى ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتاتتى.

دادا ھازىر ئۆزىنىڭ قارارىدىن ناھايىتى خۇشال ئىدى. يەنى با-لىلارنىڭ ياخشى بولغان تەرەپلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن بايقاپ، ئاندىن ئۇلارنى بىر مىنۇتلۇق ماختاش.

ئۇ باللىرىنىڭ ئەينى چاغدا بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنىڭ كېيىنكى يېرىم مىنۇتىنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئويلىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىرغا قەدەر ئۆگەنگەنلىرىنى خۇلاسىلەپ قويۇش-نىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى.

# بىر مىنۇتلۇق ماختاش

تۆۋەندىكىدەك بولغاندىلا بىر مىنۇتلۇق ماختاش ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

1. مەن ئالدىنئالا ئۇلارغا، ئەگەردە ئۇلار مېنى خۇش قىلالايدىغان ئىش قىلسا، ئۇلارنى ماختايدىغانلىقىمنى ئېيتىپ قويىمەن. مەنمۇ ئۇلارنى ئوخشاش ئۇسۇل ئارقىلىق ماڭا مۇئامىلە قىلىشقا رىغبەتلەندۇرىمەن.

2. مەن بالىلارنىڭ ياخشى بولغان تەرەپلىرىنى تىرىشىپ بايقايمەن.

3. مەن بالىلارغا ئۇلارنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى تەپسىلىي ئېيتىپ بېرىمەن.

4. ئارقىدىنلا مەن ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ ماڭا قانداق تەسىر بەرگەنلىكىنى ۋە مېنى نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا خۇش قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىمەن.

5. مەن بىر ئاز سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىپ، ئۇلارغا كۆڭلۈمنى ھېس قىلغۇزىمەن.

6. ئاندىن ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ ئۇلارنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئېيتىمەن.

7. ئەڭ ئاخىردا مەن ئۇلارنى قۇچاقلايمەن ياكى بولمىسا مۈرىلىرىنى سىلاپ قويۇش ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ ئۇلارغا بولغان غەمخورلۇقۇمنى بىلدۈرىمەن.

8. ماختاش قىسقا ۋە ئىللىق بولۇشى، ئاخىرلىشىشى بىلەنلا ئۆتۈپ كېتىشى كېرەك.

9. بالىلارنى ماختاشقا پەقەت بىر مىنۇتلا كەتسىمۇ، بىراق ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ تۇيغۇسى ئۇلارغا بىر ئۆمۈر پايدىلىقتۇر.

10. بۇنداق قىلىشىمنىڭ ئۆزۈمگە ۋە بالىلارغا نۇرغۇن پايدىلىق تەرەپلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن، مېنىڭچە مەن ناھايىتى قالتىس.

## ئەمەلىي بولغان نىشان بالىدا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ

بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. «بىر مىنۇتلۇق دادا» (بۇ بالىلىرىنىڭ ئۇنى ئەركىلىتىپ چاقىرىشى) بالىلىرىدىن ھەقىقەتەن پەخىرلىنىدىغان بولدى.

بەش بالا ئۆزئارا ناھايىتى چىقىشىپ ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان تۇيغۇسى بۇرۇنقىغا قارىغاندا ناھايىتى ياخشى ئىدى.

دادا ئۆزى ۋە بالىلىرىنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىنى ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا، بىر مىنۇتلۇق ماختاش ۋە بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنى ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋە قوبۇل قىلىۋاتقانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ياخشىلانغاندىن كېيىن، ئائىلىدىكى ھەربىرەيلەن، ھەتتا دادىسىمۇ ناھايىتى خۇشال ئۆتۈۋاتاتتى.

ئۇلار شاد - خۇرام بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئايلانغانىدى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن دادا مېھمانخانا ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئارام ئالغاچ خىيال سۈرۈۋاتاتتى. باياتىن ئۇ قىزىنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چاغدا تۇيۇقسىز ئىلھامغا كېلىپ، كىشىلەر تەپەككۇرنى قانداق ئېلىپ بارىدۇ دېگەن مەسىلە كاللىسىدا پەيدا بولدى.

ئۇ كەسىپتە ناھايىتى ئۇتۇق قازانغان بولۇپ، مول بولغان خىزمەت تەجرىبىسى ئۇنىڭغا، قاتنىشىش تۇيغۇسىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تېخىمۇ ياخشى قوزغايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. «زادى قانداق قىلغاندا بالىلىرىمنى ئۆزلۈكىدىن ئۆز تۇرمۇش ئىشلىرىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدىغان قىلالايمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇ، توغرا بولغان ئۇسۇلدىن بىرنى ئويلاپ چىقالىغان بولسا، ئۇ-زىنىڭ بالىلىرى بىلەن ھازىرقىدىنمۇ بەكرەك ئەركىن ئۆتىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

بۇ چاغدا ئۇ ناھايىتى ئاددىي بولغان بىر قانۇنىيەتنى ئويلىدى.

نىشان ئىش - ھەرىكەتنى يېتەكلەيدۇ
نەتىجە ئىش - ھەرىكەتنى مۇستەھكەملەيدۇ

دادا ئۆزىنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ بالىلىرىغا ئىش - ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسىنى تەكىتلىگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

بىراق، ئۇ ئۆزى بىلىدىغان مۇۋەپپەقىيەت قازانغان شەخسلەرنى ئويلىغىنىدا، ئۇلاردا بىر خىل ئوخشاشلىقنىڭ بارلىقىنى، يەنى ئۇلارنىڭ نىشانىنىڭ ئېنىق ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇر-مۇشتىن نېمىلەرگە ئېرىشمەكچى بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى.

«كۆپ قىسىم مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ قانداق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشمەكچى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدىكەن. ئۇلار مۇۋەپپەقىيەتكە قانداقلا ئېنىقلىما بەرسۇن، مۇھەبـ-بەت، بايلىق، ھېسسىيات دىگەندەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئا-خىردا ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىسىگە نىسبەتەن تونۇشى ناھايىتى ئېنىق ئىكەن» دەپ ئويلىدى دادا.

دادا ئىقتىسادىي جەھەتتە ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بولۇپ، ئىلگىرى نىشاننى خىزمەتكە تەتبىقلاشنىڭ غايەت زور تۈرت-كىلىك رولىنى تەتقىق قىلىپ باققان. بىراق ئۇ بۇنى ئائىلە تۇرمۇ-شىغا تەتبىقلاپ ئىشلىتىشنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغانىدى.

مەيلى تەنتەربىيە، ئىقتىساد، سەنئەت ياكى باشقا ساھەلەردە بول-سۇن ئەڭ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن ئادەملەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئىلگىرى ئۆزلىرىگە ناھايىتى كونكرېت بولغان كۆرەش نىشانىنى بەلگىلىۋالغانلىقىنى بىلەتتى.

ئازغىنا نەتىجىگە ئېرىشكەن ئادەملەرنىڭمۇ نىشانى بولىدۇ. پەقەت ئۇلار نىشانىنى يېزىپ باقمىغان ياكى كونكرېت يازمىغان. بۇ ئادەملەرمۇ ئۇتۇق قازانغان، بىراق بۇ خىل ئۇتۇقلارنى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە سېلىشتۇرسا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.

مۇتلەق كۆپ قىسىم ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ نىشانىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەقەتلا بىلمەيدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولىدىغان خۇشاللىقى ئالدىنقى ئىككى خىل ئادەملەرگە قارىغاندا ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

ئويلاپ بۇ يەرگە كەلگەندە، دادا پالىتونىڭ 80/20 قانۇنىنى ئېسىگە ئالدى. 16 - ئەسىردە ياشىغان ئىقتىسادشۇناس پالىتو ئىتالىيەدە پۈتۈن دۆلەتتىكى %80 بايلىقنىڭ %20 ئادەمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئىقتىسادىي ئەھۋالى، سىياسىي ئەھۋالى ۋە جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ئوخشاش بولمىغان باشقا دۆلەتلەرنى كۆزەتكەندىمۇ يەنىلا ئوخشاش ئەھۋالنى بايقىغان.

«ھازىرقى جەمئىيەتمۇ دەل شۇنداق» دەپ ئويلىدى دادا. «ئاز بىر قىسىم ئادەملەر تۇرمۇشنىڭ كۆپلىگەن پايدىسىغا ئېرىشكەن. مەسىلەن، مۇھەببەت، دوستلۇق، ماددىي كاپالەت قاتارلىقلار.»

«نەچچە ئەسىردىن بېرى دۇنيا مۇشۇنداق بولۇپ كەلگەن، ئەگەر بىر ئادەم بىر پارچە ناننىڭ تۆت قىسمىغا، يەنە باشقا تۆت ئادەم بۇ ناننىڭ ئاران بىر قىسمىغا ئىگە بولسا، ئۇ چاغدا بۇ ناھايىتى ئادىل بولغان بولمايدۇ.» دەپ ئىچكىرىلەپ ئويلىدى دادا.

بۇ چاغدا ئىككىنچى قىزى ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەلدى ۋە «دادا، ئىنگلىز تىلىنى تەكرار قىلىپ بېرەلەمسىز؟» دەپ سورىدى. بۇ قىزنىڭ ماتېماتىكا ۋە تەبىئىي پەن نەتىجىسى ياخشى بولۇپ، ئىجتىمائىي پەنلەردە بىر ئاز قىيىنىلاتتى. ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا ئۇ بۇلارنى پەقەتلا ئېتىراپ قىلمىغانىدى. بىراق ھازىر ئۇنىڭدا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ بولغاچقا، تىرىشىپ ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلىماقچى بولدى.



دادىسى يېرىم ئاخشام دېگۈدەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئۆگەتتى.

بالا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، دادا «ھەربىرىمىزنىڭ كۈچلۈك ۋە ئاجىز تەرىپىمىز بولىدۇ» دەپ ئويلىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ بولمىغاندا ئائىلىنى باشقۇرۇشقا قارىغاندا خىزمەتتىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. بىراق، ئۇ بۇ خىل ئەھۋالنى تىرىشىپ ئۆزگەرتمەكچى ئىدى. بالىنى تەربىيەلەشكە دائىر مەسىلىلەرنى ئۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپ ئويلىشىدىغان بولدى.

ئۇ بالىلىرىنىڭ بۇيرۇق بويىچىلا ئىش قىلىدىغان، سىزىقتىن چىقمايدىغان بالىلاردىن بولۇشىنى خالىمايتتى. «ياخشى بالا بولۇش» «قالىپىقى» ئاستىدا كۆپلىگەن بالىلار ئۆزلىرىدە بار بولغان تالانت ۋە جۇشقۇنلۇقتىن ئايرىلىپ قالغانىدى. ئۇ، دۇنيادىكى كىشىلەر ئەڭ قىزىقىدىغان بەزى ئادەملەرنىڭ ئىلگىرى ئاشۇنداق «ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان بالىلار» ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

ئۇ ئويلىغانسېرى قىزىقىپ، behave (مەنىسى ئىش ـ ھەرىكەتتە تەرتىپلىك بولۇش) دېگەن بۇ سۆزنى قايتا ـ قايتا تەھلىل قىلدى. be...behave...behave (مەنىسى «بولىدۇ»)، have (مەنىسى «بار»).

«نېمە بولىدۇ؟»، «نېمە بار؟» دەپ ئويلىناتتى ئۇ.

«مەن بالىلىرىمنىڭ ئۆزلىرى ئۈمىد قىلىدىغان ئادەم بولۇپ يېتىلىشىنى ھەمدە ئۆزى ۋە تۇرمۇشقا ئاكتىپ پوزىتسىيەدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

«ياخشى بولغان كىشىلىك تۇرمۇش پوزىتسىيەسى ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىلىرىغا بەرگەن ئەڭ ئېسىل سوۋغىتىدۇر» دېدى ئۇ بىر قارارغا كېلىپ.

بۇ چاغدا دادا تۇيۇقسىزلا ئۆزىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ يەتتى ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپ كەتتى.

«مەن ھازىر ئۇلارنىڭ ئورنىدا نېمىنىڭ ئۇلارغا پايدىلىق بولىدى-غانلىقىنى ئويلاپ كېتىپتىمەن، بۇ ئىشلارنى مەن ئەمەس بەلكى ئۇلار ئۆزلىرى ئويلىشى كېرەك.»

بۇ چاغدا ئۇنىڭ خىيالى يەنە چېچىلدى. بۇ قېتىم كىرگىنى چوڭ قىزى ئىدى. «دادا بۇ ھەپتە ئاخىرىدىكى دەم ئېلىشتا بىز ۋىلسون ئائىلىسىدىكىلەرنى ئۆيىمىزگە مېھمانغا تەكلىپ قىلساق بولامدۇ؟ پەقەتلا ۋىلسون ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بالىلىرى جۇمۇ؟»

دادا ئويلىنىپ قالدى. بۇ، جۈمە كۈنى كەچقۇرۇندىن شەنبە كۈنى كەچقۇرۇنغىچە ئۆيدە يەنە تۆت بالا كۆپىيىدۇ، دېگەنلىك ئىدى.

قىزى دادىسىنىڭ بىر ئاز ئىككىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ «بىز دېگەن تۇغقان تۇرساق، دائىم بىللە ئوينىشىمىز كېرەكقۇ دادا» دې-دى. بۇ قىز دادىسىنى ماقۇل كەلتۈرۈشنى ئېنىق بىلەتتى، چۈنكى «ئائىلە» دادىنىڭ ھازىر ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشى ئىدى.

دادا ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. ئۇ قېرىنداشلىرىنىڭ بۇ بىرنەچچە بالىسىنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەتتى. بىراق ھازىرقى مەسىلە قانداق قىلىپ بۇ توققۇز بالىنى بىر ئۆيدە ئېناق ئۆتىدىغان قى-لىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساق بىر كۈن.

جۈمە كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى، دادا بارلىق تەييارلىقلارنى پۈتكۈزۈپ بولدى. مېھمانلار كېلىشكە، ئۇ بارلىق بالىلارنى بىر يەرگە يى-غىپ، ئۇلارغا يىغىن ئاچتى ۋە «نىشاننى بەلگىلەش» مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

«كۆپچىلىك سىلەر ھەممىڭلار ناھايىتى خۇشال بولغان بىر كۈننى ئۆتكۈزۈشنى خالايسىلەر، مېنىڭ ئەتراپىڭلاردا يۈرۈپ باشقۇرۇشۇمنى خالىمايسىلەرغۇ دەيمەن! شۇڭا مېنىڭ بىر ئامالىم بار، سىلەر ھەم-مىڭلار بىر ۋاراق قەغەز ۋە بىردىن قېرىنداش ئېلىپ كىرىڭلار.»

بالىلار قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇ «سىلەر بۇ ھەپتىلىك دەم ئېلىشنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى خالايسىلەر؟» دەپ سورىدى.

باللار بىرى ئۇنى، بىرى بۇنى دەپ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىپ كەتتى. دادا كۆپچىلىكنى تىنچلاندۇرۇپ، «ھەربىرىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ بۇ ھەپتىلىك دەم ئېلىشتىكى ئارزۇيىڭلارنى قەغەزگە يېزىپ چىقىڭلار» دېدى. باللار ئۇنىڭ دېگىنىنى بويىچە ئىش كۆردى. ئاندىن ئۇستەلنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇشۇپ ئۆزلىرىنىڭ ھەپتىلىك دەم ئېلىشتىكى ئارزۇلىرىنى نۆۋەت بويىچە ئوقۇپ چىقىشتى، ئۇلار ناھايىتى تېزلا ئۆزلىرى يېزىپ چىققان بۇ ئىشلارنى بىر يىلدىمۇ قىلىپ بولالمايدىغانلىقىنى بايقاشتى. ئاخىردا ئامالسىز ئارزۇلىرىنى قىسقارتىپ تۆۋەندىكىچە قىلدى.

1. ناھايىتى خۇشال ئۆتكۈزىمىز.
2. كۆپچىلىك بىللە پاراڭ سېلىشىپ ناھايىتى كەچ ئۇخلايمىز.
3. پېچىنە پىشۇرىمىز ۋە قوناق ئېتىلدۇرۇپ يەيمىز.
4. ئۈن ـ سىن دۇكىنىغا بارىمىز.
5. كىنو كۆرگىلى بارىمىز.
6. بىر كۈنى كەچتە ھويلىدا ياتىمىز.
7. قورۇدا كاۋاپ پىشۇرىمىز.

بۇلار ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، دادا «ھازىر بىزنىڭ ھەپتە ئاخىرلىق ئارزۇيىمىز بار بولدى، ئەمدىكى قەدىمىمىز بولسا ھەممىمىزنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، بۇ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. مەن ئالدى بىلەن ئېيتاي، ھويلىدا قونۇشۇڭلاردىن باشقا ھەممە ئارزۇلىرىڭلارغا قوشۇلىمەن. سىلەر ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىپ ئويناشساڭلار، قوشنىلارغا چوقۇم ئاۋارىچىلىك كەلتۈرىسىلەر» دېدى.

يېشى چوڭراق بىر بالا «ئەگەردە بىز ئاستا گەپ قىلىشىپ، جىمجىت ئۇخلاپ قالساق بولامدۇ؟» دەپ تەكلىپ بەردى.

«ئەگەردە شۇنداق قىلالىساڭلار مېنىڭ باشقا پىكرىم يوق» دەپ

جاۋاب بەردى دادا. «ئۇنداق بولسا، بىز بۇنى كېچىدە هويلىدا قونىمىز، ئاستا، بوش ئاۋازدا پاراڭلىشىپ، ئۇخلاپ قالىمىز دەپ ئۆزگەرتەيلى. قېنى بۇنى قوشۇپ يېزىپ قويايلى.»

باللار يېزىپ قويدى. يەنە بىر بالا «سىز باياتىن بىزگە پەقەت بىر قىسىم ئارزۇلىرىڭلارلا ئەمەلگە ئاشىدۇ دېدىڭىز، باشقا ئارزۇلىرىمىز نېمە ئۈچۈن ئەمەلگە ئاشمايدۇ؟» دەپ سورىدى.

دادا ئۇ بالىدىن «ئەگەر سىز بىر ئائىلە باشلىقى بولسىڭىز، ئۆيىڭىزدە توققۇز بالا بولسا، ئۇ چاغدا سىز قانداق قىلاتتىڭىز؟» دەپ سورىدى.

باللار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، بىر ئاز جىمىپ قالدى. بىر كىچىك مېهمان جىمجىتلىقنى بۇزۇپ «باشقىلار تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقاندا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلماسلىق كېرەك» دېدى. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ ئۆيدە باشقىلارنىڭ مۇشۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىغان.

«ناهايىتى ياخشى، قېنى بۇنىمۇ يېزىپ قويۇڭ، شۇ قەغەزنىڭ كەينىگە ئۇلاپ يېزىڭ.»

شۇنداق قىلىپ باللار تۆۋەندىكىدەك خېلى جىق ياخشى ئامالارنى ئويلاپ چىقتى.

1. باشقىلار تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقان چاغدا، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلماسلىق.

2. ئۆزىنىڭ ئۇخلاش خالتىسىنى ئۆزى يىغىشتۇرۇش.

3. هەرقانداق ئىشنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، نەرسىلەرنى رەتلەپ جاي ـ جايىغا قويۇش.

4. ئەخلەتلەرنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ تۆكۈۋېتىش.

5. قاچا يۇيۇش.

6. ئۆزى ئورۇن سېلىش.

7. ئويۇنچۇقلىرىنى باشقىلار بىلەن تەڭ ئويناش.

8. ئۇرۇشماسلىق، ئىناق - ئىجىل ئۆتۈش.

«سىلەرنى تەبرىكلەيمەن» دېدى دادا كۆپچىلىككە قاراپ. «سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ بىر مىنۇتلۇق نىشانىڭلارنى بەلگىلەپ بولدۇڭلار» دېدى.

«نېمە؟» دېيىشتى بىرنەچچە بالا چۈشەنمىگەن هالدا.

«سىلەر ئالىلىقاچان كاللاڭلارغا يۈز بېرىشنى ئۈمىد قىلىدىغان ئىشلارنى يېزىپ بولدۇڭلار، يەنە تېخى ناهايىتى ياخشى قىلدىڭلار، سىلەرنىڭ نىشانىڭلار ناهايىتى كونكرېت ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولدى.»

«نېمە ئۈچۈن بۇنى ‹بىر مىنۇتلۇق نىشان› دەيمىز» دېيىشتى بىرنەچچە بالا قىزىققان هالدا.

«مەن سىلەرگە ئېيتسام باللار، سىلەر يازغىنىڭلارنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن ئۇ قەغەزنى ئۆرۈپ قويۇڭلار، مەن ۋاقىتقا قاراپ تۇراي» دەپ جاۋاب بەردى دادا.

كىچىكرەك بىرسى ئالدىرمايراق ئوقۇدى. كۆپچىلىكنىڭ هەممىسى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، دادا: «سىلەر بارلىق نىشانىڭلارنى ئوقۇپ بولۇشقا پەقەت بىر مىنۇتلا ۋاقىت ئىشلەتتىڭلار» دېدى.

«شۇڭلاشقا بۇلارنى بىر مىنۇتلۇق نىشان دەيمىز، توغرىمۇ؟» دەپ سورىدى بىر بالا.

«توغرا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆۋەندىكىمۇ ناهايىتى مۇهىم» دېدى - دە،

بىر مىنۇتتا،
نىشانىمغا قارايمەن.
هەربىكىتىمگە ئاندىن قارايمەن،
ئاندىن ئىككىسىنىڭ بىردەك بولغان - بولمىغانلىقىغا قارايمەن.

ئۇلارنىڭ ۋاراقلىرىنىڭ كەينىگە تۆۋەندىكىلەرنى يازغۇزدى.

«چۈشەندىم» دېدى مېھمانلاردىن بىرسى. «سىز بىزنىڭ بىر مىنۇتتا ئۆزىمىزنىڭ نىشانىمىزنى ئوقۇشىمىزنى، ئاندىن بىزنىڭ ئارزۇيىمىز بويىچە ئىش كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىمىزنى كۆرۈپ بېقىشنى ئويلايدىكەنسىز.»

«ئاساسىي جەھەتتىن مۇشۇ مەنىدە» دېدى دادا.

«بىز ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىمىزنى كاللىمىزدا تەكرار ئويلاۋەرسەك، بەلكىم ئۇنىڭغا ئېرىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىن.»

«مەن بىر ئىشقا تۈزىتىش بېرەي. زادى مەن سىلەرنى سىلەر ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىگە ئېرىشتۈرمەكچىمۇ ياكى سىلەر ئۆزۈڭلار ئۇ نەرسىلەرگە ئېرىشمەكچىمۇ؟ مەن سىلەرگە بىر مىنۇت ئارقىلىق ئۆزۈڭلارنىڭ نىشانىڭلارنى ئويلاندۇرماقچىمۇ ياكى سىلەر ئۆزۈڭلار مۇشۇنداق قىلماقچىمۇ؟ سىلەر زادى كىم ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىسىلەر؟

باللار كۈلۈپ كەتتى ۋە يۇقىرى ئاۋازدا «ئۆزىمىز ئۈچۈن» دېيىشتى.

بۇ چاغدا چوڭ ئوغلى «مېنىڭچە بىز ھازىر ئۆزىمىز بىر يىغىن ئېچىپ قىلىدىغان ئىشلىرىمىزنى تەقسىم قىلىۋالايلى، بىز چوقۇم قىلالايمىز» دېدى.

دادىسى باللارنىڭ يىغىننىڭ قارارىنى يازغىنىنى كۆرمىدى. بىراق يىغىندىن كېيىن بارلىق ئىشلار ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى — كۆپ قىسىم ۋاقىتتا ئاساسەن ئوڭۇشلۇق بولدى.

بىرىنچى كۈنى ئاخشىمى، ھويلىدا قونغان ئىككى بالىنىڭ ئاۋازى چېڭراق چىقىپ كەتكەنىدى. دادا ئۇلارنى ئايرىم چاقىرىپ ئەكىرىپ ئۇ ئىككىسىگە بىر مىنۇتلۇق تەنقىد ئېلىپ باردى. شۇندىن كېيىن بۇ ئىككى بالىنىڭ ئىپادىسى ئىزچىل ياخشى بولۇپ كەل-

دى.

شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەنلىكى دادا باللىرىنى بىر يەرگە يىغىپ ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ نىشانىنى ناھايىتى تېزلا تەكرارلاتقۇزدى ۋە ئۆز ھەرىكەتلىرىنى تەكشۈرتكۈزدى. باللارنىڭ بىرلىكتە قىلغان مۇنازىرىسىنى ئاڭلاش ھەقىقەتەنمۇ بىر قىزىقارلىق ئىش ئىدى.

دادا باللىرىنىڭ ناھايىتى خۇشال كەيپىياتتا كىچىك مېھمانلارغا بىر مىنۇتلۇق تەنقىد ۋە بىر مىنۇتلۇق ماختاش ئېلىپ بارغىنىنى ئاڭلاپ ناھايىتى قىزىقارلىق ھېس قىلدى.

ئۇزاققا قالماي بۇ كىچىك مېھمانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ بۇ كىچىك غوجايىنلارغا ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بولغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇ باللىرى ئۈچۈن ناھايىتى خۇشال بولدى. چۈنكى، بۇنداق سەمىمىي بولغان پىكىرلىشىش ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇراتتى.

ئەمەلىيەتتە بۇ قېتىمقى دەم ئېلىش بۇ باللارنىڭ ئۇزاقتىن بېرى ئۆتكۈزگەن ئەڭ كۆڭۈللۈك كۈنلىرى بولدى. كىچىك مېھمانلار كېتىدىغان چاغدا ئۆي ئىگىلىرىگە توختىماي رەھمەت ئېيتتى. بۇنىڭدىن پەخىرلەنگەن دادا ئۆز - ئۆزىگە بىر مىنۇتلۇق ماختاش ئېلىپ باردى.

ئۇ ھازىر بىر مىنۇتلۇق ماختاش، بىر مىنۇتلۇق نىشان ۋە بىر مىنۇتلۇق تەنقىدلەرنى سىناپ كۆردى ۋە بۇ ئۇسۇللارنىڭ ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقىنى بىلدى!

بۇ قېتىمقى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان دەم ئېلىشتىن كېيىن، دادا باللىرىغا يەنە «مېنىڭ نىشانىم» نى تونۇشتۇردى.

«ھەممىمىزنىڭ بىرلىكتە نىشان بەلگىلىگىنىمىز ئېسىڭلاردى-

مۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز كۆپچىلىكنىڭ نىشانى، يەنى ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق بولغان ئائىلە ئەزالىرى ئورتاق ئېتىراپ قىلغان نىشان. ھازىر سىلەر مەخسۇس ئۆزۈڭلار ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىشنى ئويلامسىلەر؟»

«ئاڭلىماققا يامان ئەمەستەك تۇرىدۇ» دېدى باللار قىزىققان ھالدا.

«ئۇنداقتا سىلەر ئۆزۈڭلاردا يۈز بېرىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان ئىشلارنى يېزىڭلار. خۇددى بۇ ئىشلار ئۆزۈڭلاردا يۈز بېرىۋاتقاندەك يېزىڭلار، يەنە سىلەر ئارزۇ قىلغان بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغان ۋاقتىنى يېزىشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار.»

يەنى: «مېنىڭ سالامەتلىكىم ناھايىتى ياخشى. 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگە كەلگەندە، مەن ساغلام بولغان ئوزۇقلىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈردۇم ھەمدە كۈنىگە ئۈچ ئىنگلىزچىسى يوگۇرەيدىغان بولدۇم.» دېگەندەك قىلىپ يازساڭلار بولىدۇ. باللار ناھايىتى تېزلا دادىسىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل نىشانلىرىنى يېزىپ چىقتى.

«مەن مەدەت بېرىش كوماندىسىنىڭ ئەزاسى بولدۇم. ھەركۈنى مەشىققە قاتنىشىمەن، ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق تاللاش 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ.»

«مەن ئۆزۈمدىن ناھايىتى مەمنۇن، ئۆزۈمنىڭ دائىم بىر ئىشلارنى توغرا قىلغانلىقىمنى ھېس قىلالايمەن. 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئىلگىرى مەن مۇشۇنداق ياخشى تۇيغۇلاردا بولىمەن.»

دادا باللارنىڭ غايىلىرى يېزىلغان بۇ قەغەزلەرنى كۆرگەن چاغدا، ئۆزىنىڭ باللىرى بىلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتۈۋاتقانلىقىنى تۇيۇقسىزلا ھېس قىلىپ قالدى.

ئۇ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى تۆۋەندىكىچە قىلىپ خۇلاسىلىدى.

## بىر مىنۇتلۇق نىشان

پەقەت تۆۋەندىكىچە بولغاندىلا، بىر مىنۇتلۇق نىشان ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

1. ئائىلە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىزدە ئېنىق بولغان ئورتاق نىشان بولۇشى كېرەك («بىزنىڭ» نىشانىمىز). ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ھەربىر ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ نىشانى بولۇشى كېرەك («مېنىڭ» نىشانىم).

2. بىز ھەممىمىز ئورتاق قارارىمىزنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. بۇنداق بولغاندا كۆپچىلىك بۇ ئائىلىدىن ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىگە ئېرىشكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

3. بىز ھەممىمىز بىر ۋاراق قەغەزگە تەخمىنەن يېرىم ۋاراق ئەتراپىدا ئۆزىمىزنىڭ نىشانىنى يازىمىز، بۇنى پەقەت بىر مىنۇتتىلا ئوقۇپ بولالايدىغان بولۇش كېرەك.

4. بىزنىڭ نىشانىمىز ناھايىتى كونكرېت بولۇشى كېرەك. ئۇ ھەربىرىمىزنىڭ قايسى ۋاقىتتا نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمىزنى ئايرىم - ئايرىم چۈشەندۈرسۇن. مەسىلەن، مەن .... نى ئىشقا ئاشۇردۇم. مەن .... قىلىۋاتىمەن. ... بولغاندا ئەمەلگە ئاشۇرىمەن.

5. ھەربىرىمىز دائىم ئۆزىمىزنىڭ نىشانىنى تەكرار ئەسلەپ، بۇنى بىر ئادەت، بىر خىل پىكىر قىلىش ئۇسۇلى قىلىشىمىز كېرەك.

6. مەن پات - پات بىر مىنۇت ۋاقىت ئاجرىتىپ، نىشانىم بىلەن ئىش - ھەرىكىتىمنى سېلىشتۇرۇپ، ئىككىسىنىڭ ماس كەلگەن - كەلمىگەنلىكىگە قارايمەن.

7. مەن بالىلىرىمنىمۇ مۇشۇنداق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىمەن.

8. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى ھەر ھەپتىدە بىر يەرگە يىغىلىپ ئورتاق نىشانىمىزنى تەكرارلاپ، ئالغا ئىلگىرىلىگەن - ئىلگىرىلىمىگەنلىكىمىزگە قارايمىز.

بەزى بالىلارنىڭ يەنە تېخى ئۆزلىرىنىڭ نىشانى بولۇپ، بۇنى باشقىلارغا ئېيتقۇسى كەلمەيتتى. چۈنكى، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنى بۇ نىشانلارغا يېتەلمەيدۇ دېيىشىدىن ئەنسىرەيتتى. دادا ھەربىر بالىنىڭ مەخپىيەتلىكىگە ھۆرمەت قىلاتتى.

ئۇلارنىڭ نىشانىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھازىر ھەربىر بالا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزى باشقۇرۇپ كېتەلەيدىغاندەك ھېس قىلدى. ئۇلارغا نىسبەتەن ئاتا - ئانىنىڭ ئارزۇسىنى قانائەتلەندۇرۇش ئەڭ مۇھىم ئىش ئەمەس بولۇپ قالغانىدى.

ھازىر ئۇلار ناھايىتى خۇشال ھالدا ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا مەسئۇل بولۇشقا باشلىدى.

ھەتتاكى ئەڭ كىچىك قىزىمۇ قېرىنداش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نىشانىنى سىزىپ، بۇ سەپكە قېتىلدى.

دادا ناھايىتى خۇشال بولدى. بىر مىنۇتلۇق نىشان، بىر مىنۇتلۇق ماختاش ۋە بىر مىنۇتلۇق تەنقىد ئۇسۇلى پەقەت ئۇنىڭلا ئۇسۇلى بولماستىن، بالىلارنىڭمۇ ئۇسۇلى بولۇپ قالدى.

بۇ بىر مىنۇتلۇق دادا ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىغا نىسبەتەن، ئائىلە تۇرمۇشى بارا - بارا كۆڭۈللۈك بولۇۋاتاتتى. بىراق يەنە بىر ئائىلە ئۇلارغا ئوخشاش بۇنداق خۇشال ئەمەس ئىدى.

# ئىلغارلىق تەربىيەلەشتىن كېلىدۇ



ئوخشاش بىر ۋاقىتتا، بازارنىڭ يەنە بىر چېتىدە، بىر ياش دادا ۋە ئۇنىڭ ئايالى باللارنى تەربىيەلەش ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتاتتى.

ئۇلار ناھايىتى ئۇزاق مۇھاكىمە قىلىشىپ، ئاخىر بىر دەكلىككە كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىككى ئوغلى خاتا يولغا كىرىپ قالغان بولۇپ، ئوغۇللىرىنىڭ بىرى توققۇز ياش، بىرى ئالتە ياشقا كىرگەن، ھېچقايسىسى ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايتتى. ئاتا - ئانىسىغىمۇ ئىچ ئاغرىتمايتتى. ئۇلارنىڭ مەكتەپتىكى ئىپادىسى ناچار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دائىم قوشنىلارغا ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلەتتى.

بېشى قاتقان دادا، غەمگە پاتقان ئايالىنىڭ «داداڭلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چوقۇم پۇشايمان قىلىسىلەر» دېگىنىنى تالاي قېتىم ئاڭلىغانىدى.

دادىسى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە قورقۇپ كەتكەن بالىلار، دادىسىغا نىسبەتەن ئۆيگە قايتىپ كېلىشىنىڭ ئۆزىنىڭ قورغىنىغا يەنى سىرتقى دۇنيادىن ئايرىلىپ تۇرغان تىپتىنچ قورغانغا كەلگەنگە ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

ئۇ خىزمەتتە كۆپلىگەن ئاۋارىچىلىك ۋە قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاچقا، ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر ئاز بولسىمۇ تىنچلىق ۋە ئارامچىلىق بولۇشىنى ناھايىتى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق، ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئايالىنىڭ ئۇنىڭغا دەيدىغان بىرىنچى گېپى بولسا: «سۆيۈملۈكۈم، ئىچىڭىزنى پۇشۇرماقچى ئەمەسمەن، بىراق باللىرىڭىزنىڭ بۈگۈن نېمە ئىشلارنى قىلىۋەتكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ سىزنىڭ ئۇلارنى باشقۇرۇپ قويۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن؟ مەن ئۆزۈم يالغۇز ئۇلارنى باشقۇرۇپ بولالمىدىم» دەيتتى.

بۇ ياش ئەر - ئايال باللىرىنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئاشۇ

ئۇچىغا چىققان لوكچەك باللارغا ئوخشاش، يۇرۇش - تۇرۇشى قو- پال، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسى- رەيتتى.

ئاخىر ئامالسىز بۇ ياش دادا باللىرىنى ئۇرىدىغان بولدى. ئە- گەر، كار قىلمىسا، تېخىمۇ قاتتىقراق ئۇرىدىغان بولدى. بىراق، ئۇ بۇ خىل ئۇسۇلنى پەقەتلا ياخشى كۆرمەيتتى.

ئۇنىڭ ئېسىگە دائىم بىر يۇمۇر كېلەتتى: بىر دادا ئوغلىغا ھەي- ۋە قىلىپ تۇرۇپ، «ئەگەر سېنىڭ ئىنىڭنى ئۇرغىنىڭنى يەنە كۆ- رۇپ قالىدىغان بولسام مەن سېنى راسا ئۇرىمەن...»

ئەر - ئايال ئىككىسى ئەتراپىدىكى قوشنىلىرىنى كۆزىتىپ، تې- خىمۇ ئۈمىدسىزلەندى. ئۇلار نۇرغۇنلىغان ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆزلى- رىگە ئوخشاش بىر مەسىلىگە يولۇققانلىقىنى، ئۇلارغا ئوخشاش با- لىلىرىغا قانچىلىك ئەركىنلىك بېرىشنى ياكى باللىرىغا قانچى- لىك دەرىجىدە چەك قويۇشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ھېچقانداق بىر ئادەم ئۇلارغا قانداق ئاتا - ئانا بولۇشنى ئېيتىپ بېرەلمىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار بۇ مەسىلىنى ئەزەلدىن ياخشى ئويلاپ باقمىغانىدى. بىراق، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چوقۇم ئۆگىنىشى كېرەك- لىكىنى ھېس قىلىشتى.

ياش دادا ئۆزىنىڭ گاڭگىراپ قالغانلىقىنى ئېيتقاندا، قوشنىلى- رىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاش ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. «ھازىر بۇرۇنقىغا پەقەتلا ئوخشىمايدۇ، ھەممە نەرسە ناھايىتى تېز ئۆزگەر- دى. بىز ھازىرقى قائىدىلەرنى ئەمدى ئۆگىنىپ بولۇشىمىزغا، ئۇلار قائىدىلىرىنى ئاللىقاچان ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، كىم بىلىدۇ، بۇ باللار بىزدىن نېمىگە ئېرىشمەكچى» دېدى كۆپلىگەنلىرى.

بۇ ياش باشقا ئاتا - ئانىلارنىڭ كۆڭلىنى ناھايىتى ياخشى چۈشە-

نەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ گاڭگىراپ قالغان بىردىنبىر ئادەم ئەمەسلى-
كىنى بىلگىنىدە ئۆزىگە بىر ئاز بولسىمۇ تەسەللى تېپىپ قالدى.

بىراق، ئائىلىدىكى مەسىلە بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتاتتى. با-
لىلارنى قانداق باشقۇرۇش مەسىلىسى ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ نى-
كاھىغىمۇ ناھايىتى زور بېسىم ئېلىپ كەلگەنىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇشال بولمىغان ئائىلە تۇرمۇشى ناھايىتى
تېزلا ئۇنىڭ خىزمىتىگە تەسىر قىلدى.

ئەڭ ئاخىردا ئۇ ئامالسىزلىقتىن مۇتەخەسسىسلەردىن ياردەم
ئىزدىدى. ئۇ نىكاھ ئائىلە مەسىلىسى مەسلىھەتچىسى، پسىخولو-
گىيە مەسلىھەتچىسى بالىلار مۇتەخەسسىسى ۋە پسىخولوگىيە دوخ-
تۇرى قاتارلىقلارنىڭ تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى. قارىماققا پايدىسى
باردەك تۇرغان «رېتسېپلار» نىمۇ ئۆگەندى. بىراق، بۇلارنىڭ ھەم-
مىسى ئۇنى تېخىمۇ قايمۇقتۇرۇپ قويدى.

## باللار ئاتا - ئانىنىڭ ئەينىكى

بۇ چاغدا ياخشى ئۆتىدىغان بىر دوستى بۇ ياشقا يېقىن ئەتراپتا ئولتۇرىدىغان بىرسىنىڭ گېپىنى قىلىپ بەردى. بۇ ئادەم گەرچە بىر مەزگىل ئانچە ياخشى بولمىغان كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، بىراق ئاخىردا بەش بالىسىنى ناھايىتى ياخشى تەربىيەلىگەنىدى.

ناھايىتى قىزىقارلىق بولغىنى شۇكى، ئۇ بىر يۇرۇش ئاددىي، ئۈنۈملۈك ۋە ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغان ئۇسۇل بىلەن ئاتا - ئانا بولۇش قائىدىلىرىنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئۇ باشقا ئاتا - ئانىلار بىلەن بىللە بۇ بىر يۇرۇش ئۇسۇلدىن ئورتاق بەھرە ئېلىشنى خالايتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ياش بۇ دادىغا تېلېفون قىلىپ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

«راست گەپنى قىلسام مەن ناھايىتى گاڭگىراپ قالدىم. ئەپەندىم، ئەگەر مەن ئۆيىڭىزگە بېرىپ قانداق دادا بولۇش توغرۇلۇق سىز بىلەن ياخشى پاراڭلاشسام سىزدىن بەك خۇش بولاتتىم.»

«بولىدۇ، شەنبە كۈنى ئەتىگەندە كېلىڭ، سىزگە ياردىمىم تېگىدىغان بولسا ناھايىتى خۇشال بولاتتىم» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا.

«بىراق، بىر شەرتىم بار» دېدى ئۇ يەنە تولۇقلاپ.

«ئەنسىرىمەڭ، مەن سىزنىڭ قىلالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن، مەن سىزگە ئېيتىپ بېرىدىغان ئۇسۇل ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ھەتتا بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ راستىنلا شۇنداق ئۈنۈمى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەي قالىدۇ» دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

«شۇڭلاشقا، سىز بۇ ئۇسۇللارنى بىرنەچچە ھەپتە ئۆيىڭىزدە سىناپ قوللىنىپ بېقىپ، ئاندىن يەكۈن چىقىرىڭ، مانا بۇ مېنىڭ شەرتىم»

بۇ ياش دادا قوشۇلدى.

شەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۇ ياش دادا ماشىنا ھەيدەپ بىر
مىنۇتلۇق دادىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ھەيۋەتلىك سېلىنغان ئۆي ئۇ-
نىڭغا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر بەردى ۋە كۆڭلىدە «قارىماققىلا ناھا-
يىتى ئۇتۇق قازانغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇ بىر ياخشى دادا
بولۇپتۇ ئەمەسمۇ، ئۇ بەلكىم مەندىن بەكرەك ئەقىللىك بولۇشى
مۇمكىن، ئۇ...» دەپ ئويلىدى.

ئۇ بىر ئاز داڭقېتىپ قالدى ـ دە، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنى تو-
ۋەن كۆرمەسلىكنى قارار قىلدى. چۈنكى، ئۇنىڭ دادىسى بۇرۇن دەل
مۇشۇنداق ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز-
گەرتىشنى ئويلايتتى.

ئىشىك ئالدىدا چاچلىرى بوز رەڭ، بەدىنى ناھايىتى قاۋۇل كەلگەن
ئەر كىشى بۇ ياشنى كۈتۈۋالدى. نۇرلۇق كۆزىدىنلا بۇ ئادەمنىڭ تۇر-
مۇشىنىڭ ناھايىتى خۇشال ئۆتۈۋاتقانلىقىنى بىلىشكە بولاتتى.

«قېنى كىرىڭ» دېدى ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭغا. «سىزنىڭ كەلگىنى-
ڭىزدىن بەك خۇش بولدۇم» دېدى.

«شۇنداقمۇ؟» دېدى ياش دادا ھەيران بولغىنىچە.

«شۇنداق، راست گەپنى قىلسام، باشقىلارنىڭمۇ مېنىڭ بۇرۇنقى
ھالىتىمگە ئوخشاش گاڭگىراپ قېلىپ، تېخىمۇ ياخشى بولغان ئۇ-
سۇللارنى تېپىپ بالىسىنى تەربىيەلەشنى ئارزۇ قىلغىنىنى بى-
لىپ ناھايىتى خۇش بولدۇم. مەن تېخى يېقىندىلا بۇ قىيىن
ئەھۋاللاردىن قۇتۇلۇپ چىقتىم.»

«سىز؟ سىزنىڭمۇ مۇشۇنداق ئۆتمۈشىڭىز بولغانمۇ؟»

بىر مىنۇتلۇق دادا كۈلۈپ تۇرۇپ: «مەن بەزى ئىشلارنى ناھايىتى
قاملاشتۇرۇپ قىلسامنۇ، بىراق قانداق قىلغاندا ياخشى دادا بولىدى-
غانلىقىنى ئانچە ئېنىق بىلمەيتتىم. خۇددى ۋىل روكس ئېيتقان-
دەك، «بىز ھەممىمىز نادان، بىراق بىزنى نادان ھېس قىلدۇرغان
نەرسە ئوخشاش بولمىغان شەيئىلەردۇر» دېدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بۇ ياش دادىنىڭ كۆڭلى ئارام تېپىپ قالدى.

ئۇ ئالدىرىماي تۇرۇپ ئۆزى ئەڭ ئەنسىرەيدىغان ئىشلارنى ئېيت-

تى. «بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ مەن ھەربىر قەدىمىمنى چوقۇم ناھايىتى مۇۋاپىق ئېلىپ بېرىشىم كېرەكتەك، بولمىسا بالىلىرىمغا زىيان يەتكۈزۈپ قويىدىغاندەك ھېس قىلىمەن. بەزىدە يەنە ناھايىتى مۇكەممەل بولغان ئادەملا بىر ياخشى ئائىلە باشلىقى بولالمىدىكىن دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن.»

بىر مىنۇتلۇق دادا كۇلۇپ كەتتى ۋە «بەختكە يارىشا، ئەمەلىيەتتە ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئەكسىچە، خۇددى تۇرمۇشنىڭ باشقا جەھەتلىرىگە ئوخشاش ھەربىر دادا خاتالىق ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن، ھەممە ئىشنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىلارمۇ بۇ نۇقتىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ؟» دېدى.

«سىز خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغاندا قانداق قىلىسىز» دەپ سورىدى ياش دادا.

ئىلگىرى مەن ئامالىنىڭ بارىچە يوشۇراتتىم. بىراق، ھازىر مېنىڭ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشىم ئۆزۈمنىڭ خاتالىقىنى تونۇش، بالىلىرىم مېنىڭ خاتالىقىمنى تونۇشۇمنى ناھايىتى قوللايدۇ.

بۇ ئۇلارنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

«ئەگەر بۇ خاتالىق بەك ئېغىر بولمىسا، مەن كۇلۇپلا ئۆتكۈزۈۋېتىمەن، كۆپ چاغلاردا چوڭ خاتالىق يۈز بەرمەيدۇ.»

«كۇلۇپلا ئۆتكۈزۈۋېتەمسىز؟» بۇ ياش ناھايىتى ھەيرانلىق بىلەن سورىدى.

«توغرا، ئۆزۈمنىڭ ھاماقەتلىكىمگە كۇلۇپلا قويىمەن. سىزمۇ بالىلىرىڭىزغا مۇشۇنداق قىلىشنى ئۆگىتىڭ.»

— كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلىپ، خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن، دەرھال ئىقرار قىلىپ، ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنى كۇلۇپ تۇرۇپ ئۆتكۈزۈۋەتكەندىلا، ئۆزىنىڭ روھىي جەھەتتىن تۈگىشىپ كېتىشىدىن مەڭگۈ ئەنسىرىمىسىمۇ بولىدۇ.

«ئاڭلىماققا بۇ ئۇسۇل تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن بېسىملارنى يوقىتىدىكەن» دېدى بۇ ياش دادا بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ.

«شۇنداق» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا «بېسىمنى ئازلىتىدىغان يەنە بىر خىل ئۇسۇل، خاتالىق سادىر قىلغاندىن كېيىن، خاتالىقىڭىز-نى تۈزىتىشنى ساقلاپ ئولتۇرماستىن، دەرھاللا خاتالىقىڭىزنى تو-نۇشىڭىز كېرەك.

«ئويلىغان ئىشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى قىلىدىغانغا سىزنىڭ ئۇنچىلىك كۆپ ۋاقتىڭىز يوق، ھەممە ئىشنى مۇكەممەل قىلىمەن دېيىش تېخىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. بۇ يەنە بىر ياخشى دادا بولۇشقا كېتىدىغان بارلىق ۋاقىتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»

بۇ ياش دادا قايىل بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە «ئۇنداقتا مەن قانداق قىلىشىم كېرەك» دەپ سورىدى.

«گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، ئالدى بىلەن، بالا باشقۇرۇشقا نىسبە-تەن مەن ھەممىگە قادىر ئەمەسمەن؟» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا ئەسكەرتىپ تۇرۇپ. «مەن پەقەت بىر ئاز تەلەيلىك، ئازراق ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىۋالدىم ـ شۇ. سىز ۋە باشقا ئاتا ـ ئانىلارمۇ پۈتۈنلەي ئۆگىنىپ كېتەلەيسىلەر ۋە بۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆزۈڭلارنىڭ ئا-ئىلە تۇرمۇشىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتەلەيسىلەر» دېدى.

«دۇنيادا قانچىلىك ئاتا ـ ئانا بولسا، تەخمىنەن شۇنچىلىك بالا تەربىيەلەش ئۇسۇلى بولىدۇ» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا. «ماڭا نىسـ-بەتەن تۆۋەندىكى ئۇسۇل بىر ئاز ئۈنۈملۈكتۇر.»

| |
|---|
| مەن بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق بالىلىرىمغا مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلار-غا ئۆزۈمنىڭ ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلگۈزىمەن. |

«بۇ ئۇسۇل ناھايىتى ياخشى ئىكەن» دېدى بۇ ياش دادا نېمىدۇر بىر نېمىنى ئويلىغاندەك قىلىپ.

«مەن ئەڭ ياخشىسى سىزگە ئۇسۇلنى بىۋاسىتە ئېيتماي، سىز-گە نېمە ئىشلارنى قىلغىنىمنى ئېيتىپ بېرەي، ئاندىن سىز ئۆزى-ڭىزنىڭ ھۆكۈمىگە ئاساسەن، ئائىلىڭىزگە ئەڭ ماس كېلىدىغىنىد-



نى تاللاڭ» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا مەسلىھەت بېرىپ، «بولىدۇ، مەن
دىققەت قىلىپ ئاڭلايمەن» دېدى ياش دادا ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈپ.

«بىراق مەن سىزگە نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىمنى ئېيتىپ بې-
رىشتىن ئىلگىرى، سىز شۇنى بىلىۋېلىڭكى، مەن بۇ ئىشلارنى
ئىزچىل تۈردە قىلىۋاتقىنىم يوق.»

«نېمە؟» دېدى بۇ ياش دادا بىر ئاز ھەيران بولۇپ.

بىر مىنۇتلۇق دادا مۇرىسىنى قىسىپ تۇرۇپ سەمىمىيلىك
بىلەن ئىقرار قىلىپ: «مەنمۇ باشقا ئاتا - ئانىلارغا ئوخشاش نې-
مە ئىش قىلىشىم كېرەكلىكىنى بىلىپ تۇرسامۇ، ئەمما تولۇق
قىلىپ كېتەلىشىم ناتايىن» دېدى.

«بىراق مەن قىلىپ كېتەلىگەن چاغدا، ئەھۋالدا ياخشىلىنىش
بولۇشقا باشلىدى.»

«ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتايكى، مەن ھازىر بالىنى تەربىيەلەشكە
كەتكەن ۋاقتىمغا ئىچ ئاغرىتمايدىغان بولدۇم. مەن ئامالىنىڭ بارىچە
كۆپرەك ۋاقىت ئاجرىتىپ ھەربىر بالا بىلەن بىللە بولىمەن. ئەل-
ۋەتتە خىزمەتكە ۋە كۆڭۈل ئېچىشقا كەتكەن ۋاقتىمنى تەڭپۇڭلاش-
تۇرۇش كېرەك - دە.»

بۇ ياش دادا كۈلۈپ تۇرۇپ: «سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلاپ بەك
خۇش بولدۇم، مەن تۇنجى قېتىم باشقىلاردىن سىزنىڭ گېپىڭىزنى
ئاڭلىغىنىمدا، سىزنى بىر مىنۇتلۇق دادا دېگەندە مەن سىزنى بالى-
لىرىڭىز بىلەن بىللە بولغان چاغدا ھەممە ئىشنى ئالدىراپ - سال-
دىراپلا قىلامدىكىن، يەنى سىزنىڭ بالىلىرىڭىز بىلەن بىللە بول-
دىغان ۋاقتىڭىزنى ناھايىتى ئازمىكىن دەپ ئويلاپتىمەن» دېدى.

بىر مىنۇتلۇق دادا كۈلۈپ تۇرۇپ: «بۇنداق ئويلاشنىڭ ئەجەبلى-
نەرلىكى يوق» دېدى.

«مۇھىمى، بۇ نۇقتىنى چۈشىنىۋېلىش كېرەك، مەن ئۈچ خىل
ئاددىي بولغان سىردىشىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن،

ھەربىر ئۇسۇلنى ئىشلىتىشكە ئارانلا بىر مىنۇت كەتتى. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ بالىلار بىلەن بىللە بولغان ھەربىر مىنۇتىم تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولدى.»

«ئەمما، بۇ ئۈچ خىل كونكرېت بولغان سىر دىششى ئۇسۇلىنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ئاۋۋال شۇنى تەكىتلەيمەنكى، ئالدى بىلەن مەن ھەربىر بالا بىلەن ئايرىم - ئايرىم بىرنەچچە مىنۇت بىللە بولىمەن، گەرچە بۇ ۋاقىت ناھايىتى قىسقا بولسىمۇ، يەنە بالىلارنى ھەرگىز بىر - بىرى بىلەن سېلىشتۇرمايمەن، ئاندىن بالىلار بىلەن بىللە بولغاندا مەن پۈتۈن زېھنىمنى يىغىپ، تىرىشىپ بارلىق دىققىتىمنى بالىلارغا قارىتىمەن.»

«يەنى، سىز كۆز ئالدىڭىزدىكى شۇ پەيتكە چۆكۈپ كەتكەن بولىسىز.»

«توغرا، مەن ئۆيدىكى ۋاقىتىمدا، پەقەت ئۆيدىكى ئىشلارنىلا ئويلايمەن، خىزمەت ئىشلىگىنىمدە خىزمەتكە پۈتۈنلەي چۆكۈپ كېتىمەن، بۇنداق قىلغاندا ئائىلىگىمۇ، خىزمەتكىمۇ پايدىسى بار.»

«ھەئە، شۇ، دوستۇم ماڭا سىزنىڭ ئائىلە جەھەتتىمۇ باشقا جەھەتلەرگە ئوخشاش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىۋاتقانلىقىڭىزنى ئېيتقان. شۇڭا سىز چوقۇم بەك ياخشى تۇيغۇدا بولىسىز.»

«قالتىس ياخشى دەڭە» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا مەغرۇرلىنىپ تۇرۇپ. «بولۇپمۇ بالىلىرىممۇ ئوخشاشلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان چاغلارنى ھېس قىلىشتى.»

«بولۇپمۇ مەن تۆۋەندىكى قانۇنىيەتنى بىلگەندىن كېيىن، بارلىق ئىشلار بىزگە نىسبەتەن ئاسانلىشىپ كەتتى.

> بىر ئائىلە باشلىقى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مېنىڭ ئىككى ئاساسلىق نىشانىم بولسا، بالىلارغا ياردەملىشىپ ئۇلاردا ئۆزىنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۆزىگە تەلەپچان بولۇش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇشتۇر.

«بۇ ئىككى نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مەن كۆپ جاپا تارتىپ ئاخىر ئۆزىگە بولغان تۈيغۇسى ناھايىتى ياخشى بولغان (يەنى ئۆز - ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان) بالىلارنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزى ئۈچۈن ناھايىتى ئاڭلىق ھالدا تەلەپچان بولىدىغانلىقىنى چۈشەندىم» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا ئۇلاپلا.

«ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىگە ئېتىبار بىلەن قارىسا، ئۇلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. ئۆزىنىڭ ھالىدىن ئۆزى خەۋەر ئېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى بولسا تەلەپچان بولۇش.

«بۇلار ئۈچ خىل بىر مىنۇتلۇق سىردىشىش ئۇسۇلىنىڭ بالىلارغا بولغان ياردىمىمۇ؟» دەپ سورىدى بۇ ياش دادا.

«ئاساسىي جەھەتتىن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا جاۋاب بېرىپ. «ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ بالىلارغا تېخىمۇ كۆپ ياردىمى بار.»

ئارقىدىنلا ئۇ يەنە تولۇقلاپ «ئەمەلىيەتتە، ھازىر بالىلىرىمنىڭ ھەممىسى بۇ ئۈچ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق مەن بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇۋاتىدۇ، ئۆزلىرىمۇ بۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرىدۇ.»

ياش دادىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن بىر مىنۇتلۇق دادا ناھايىتى تەپسىلىي قىلىپ بىر مىنۇتلۇق نىشان، بىر مىنۇتلۇق ماختاش ۋە بىر مىنۇتلۇق تەنقىد ئۇسۇلىنى چۈشەندۈردى.

ياش دادا ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلىدى.

ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، بىر ئاز ئىككىلەنگەن ھالدا «بەلكىم ماڭىمۇ ياردىمى بولۇپ قالار» دېدى.

«گېپىڭىزگە قارىغاندا جەزملەشتۈرەلمەيۋاتامسىز نېمە؟» دەپ سورىدى بىر مىنۇتلۇق دادا.

«مەن راستىنلا جەزملەشتۈرەلمەيۋاتىمەن» دېدى بۇ ياش دادا ئوچۇقىنى ئېيتىپ.

«ئەگەر مەن بۇ ئۈچ خىل سىردىشىش ئۇسۇلىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام، ئۇ چاغدا مەن بۇلارغا تېخىمۇ ئىشەنچ قىلغان بولاتتىم.»

نېمە ئۈچۈن بىر مىنۇتلۇق نىشان، بىر مىنۇتلۇق ماختاش ۋە بىر مىنۇتلۇق تەنقىدلەر بالىلارغا ياردەم قىلىپ، ئۇلاردا ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشنى ئۆگىنىۋېلىش ھەمدە تەلەپچان بولۇش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزالايدۇ؟

## نىشانىنى قانداق تىكلەش كېرەك؟

«سىز نېمە ئۈچۈن بىر مىنۇتلۇق نىشانىنىڭ بالىلارغا بۇنچىۋالا چوڭ ياردىمى بولغانلىقىنى بىلىشنى خالامسىز؟ ئۇنداقتا بىز ئالدى بىلەن تەپەككۇرنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى» دەپ تەكلىپ بەردى بىر مىنۇتلۇق دادا. «كۆپلىگەن ئالىملار ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنىڭ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.»

«بىر قىسمى ئاڭلىق تەپەككۇر، يەنە بىر قىسمى بولسا ئاڭسىز تەپەككۇر بولۇپ، ئادەملەر ئۆزىنىڭ بىر قىسىم تەپەككۇرىنى ھېس قىلالايدۇ، يەنە بىر قىسىم تەپەككۇرىنى بولسا ھېس قىلالمايدۇ» دېدى بۇ ياش دادا ئۇنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ.

«توغرا، ئادەمنىڭ تەپەككۇرىدىكى ئەڭ كۈچلۈك بولغان قىسىم ئاڭسىز تەپەككۇر بولىدۇ. بەلكىم بىز دىققەت قىلمىغان بولۇشى-مىز مۇمكىن. دەل ئاڭسىز تەپەككۇرىمىز بىزنىڭ ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى خاتىرىلىۋالىدۇ.»

«ئەڭ غەلىتە يېرى شۇكى، ئاڭسىز تەپەككۇر ئۇچۇرلارغا قارىتا شاللاش ئېلىپ بارماستىن، بەلكى قارىغۇيۇق قوبۇل قىلىۋېرىدۇ، ئۇ يەنە بىزنىڭ ئېتىقادىمىزنىڭ ئاساسى بولۇپ، بىر خىل ئۇچۇر يېتەرلىك ھالدا قايتا - قايتا تەكرارلىنىپ ئاڭسىز تەپەككۇرىمىزغا كىرىش ئارقىلىق بىزنىڭ ئېتىقادىمىزغا ئايلىنىدۇ» دېدى بىر مى-نۇتلۇق دادا.

«بۇ خۇددى كىچىك چاغلىرىمىزغا ئوخشاش باشقىلار بىزگە نې-مىنى ئېيتىپ بەرسە شۇنىڭغا ئىشىنىدىغان، ھەتتا بىز ئۇ ئىشنىڭ يالغانلىقىنى بىلىپ تۇرساقمۇ» دېدى بۇ ياش دادا.

«توغرا دېدىڭىز، بەلكىم سىز بىلمىدىغانسىز، بەزى باللارنى باشقىلار دائىم دۆت ھەم ئەخمەق دېسە، ئۇلار بارا - بارا ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇنداق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالىدۇ.»

بۇ ياش دادا ئۆزىنىڭ باللىق چاغلىرىنى ئويلاپ قالدى ۋە «ئاندىن ئۇ باللار دۆت ھەم ئەخمەقلىق قىلىدۇ» دېدى.

«توغرا» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ «باللار بەزى گەپلەرنى توغرا دەپ ئويلاپ، شۇ بويىچە ئىش كۆرگەن چاغدا ...»

«... شۇ گەپ راستقا ئايلىنىپ قالىدۇ» دېدى بۇ ياش دادا گەپنى ئۇلاپلا.

«بۇ نۇقتا» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا «دەل بىر مىنۇتلۇق نىشاننىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىدىكى ئاساس، چۈنكى بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق كىشىلەر ناھايىتى ئاسانلا ئۆزلىرى ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاڭسىز تەپەككۇرىغا كىرگۈزىدۇ ۋە شەك - شۈبھىسىز ئىشەنگۈچە قايتا - قايتا تەكرارلايدۇ.

«باياتىن بىزنىڭ دېگىنىمىزگە ئوخشاش، سىز بىر ئىشقا ئىشىنىپ قالسىڭىز، ئۇنى راست دەپ قىلىسىز.»

«ئەگەر بۇ نىشانلار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟» دېدى ياش دادا قىزىقىپ.

«مانا بۇ بىر مىنۇتلۇق نىشاننىڭ ئاقىلانىلىكى، ئاڭسىز تەپەككۇرنىڭ ئۇچۇرلارنى سۈزۈش ئىقتىدارى بولمىغاچقا ئۇ ھەممىسىنى قاچىلاۋېرىدۇ. ئۇ قايسى نەرسىلەرنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، قايسىلارنىڭ ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى بىلمەيدۇ. پەقەت ئاڭلىق بولغان تەپەككۇرلا يۇقىرى سەۋىيەدىكى ھۆكۈم چىقىرىشنى ئېلىپ بارالايدۇ.»

«مەن يەنىلا چۈشەنمىدىم» دېدى بۇ ياش دادا سەممىيلىك بىلەن.

«مەن سىزگە بىر مىسال ئېلىپ بېرەي» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا.

«دېھقانىنىڭ يەر تېرىغىنىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى. مۇنبەت تۇپراق ئادەمنىڭ ئاڭسىز تەپەككۇرىغا ئوخشايدۇ. ئۇ سىزنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولغان قوناق ياكى بۇغداي ۋە ياكى زەھەرلىك بولغان ئاتروپا ئوتى تېرىشىڭىز بىلەن كارى بولمايدۇ. تۇپراق سىز تېرىغان ھەرقانداق نەرسىنى ئۆستۈرىدۇ. تۇپراققا نىسبەتەن ھەممە نەرسە ئوخشاش تۇيۇلىدۇ.

«بىزنىڭ ئاڭسىز تەپەككۇرىمىز مۇشۇنداق قىلىدىكەن ـ دە» دېدى ياش دادا بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك قىلىپ.

«ناھايىتى توغرا، ئەمدى سىز بىر مىنۇتلۇق نىشاننىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقىنى بىلگەنسىز؟»

«چۈنكى ...» دېدى بۇ ياش دادا بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ «سىز ناھايىتى قىسقا بولغان بىر مىنۇتتا نىشانىڭىزنى قايتا ـ قايتا تەكرارلىغىنىڭىزدىلا ئۇلار ناھايىتى ئاسانلا سىزنىڭ ئاڭسىز تەپەككۇرىڭىزغا سىڭىپ كىرىدۇ ... ئەڭ ئاخىردا سىزنى ئۇلارنىڭ راستلىقىغا ئىشەندۈرىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ مۇناسىپ بولغان ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ» دېدى.

«ناھايىتى ياخشى خۇلاسىلىدىڭىز، دەل مانا بۇ بىر مىنۇتلۇق نىشاننىڭ بىز ۋە باللارغا ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىدۇر.»

«بۇلار بارلىق سەۋەبلەرمۇ؟»

«يۇتۇنلەي ئەمەس» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا كۈلۈپ تۇرۇپ. «بىراق ھازىرغا قەدەر بىز تۆۋەندىكىنى ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەك.

> بىز نېمىنى ئويلىساق،
> شۇنىڭغا ئېرىشىمىز.

«بۇ ئويىڭىز بەك ياخشى بوپتۇ! مەن چوقۇم بۇ گەپلەرنى ئۆزۈمگە تەتبىقلايمەن» دېدى ياش دادا.

«سىزنىڭ ئويىڭىز بەك قىزىقارلىق ئىكەن» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا كۈلۈپ تۇرۇپ. بۇ ياش دادا بىر ئاز چۈشىنەلمەي قالدى.

بىر مىنۇتلۇق دادا چۈشەندۈرۈپ: «مېنىڭ يېقىندا ئۆگەنگەن بارلىق نەرسىلىرىمنىڭ ئىچىدە بۇ نۇقتا ئىنتايىن مۇھىم. مەن سىزگە مەن ئائىلىدە كەسپىمگە ئوخشاش ئۇنداق ئۇتۇق قازانغان ئەمەسمەن دېگىنىم ئېسىڭىزدىمۇ؟ سىز ماڭا ھەقىقىي سەۋەبىنى تېپىپ بېرەلەمسىز؟» دېدى.

ياش دادا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ناھايىتى ئوڭايسىزلاندى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ مويسىپىتنىڭ ناھايىتى ئاجىز ئىكەنلىكىنى ھەيرانلىق بىلەن ھېس قىلدى. «مېنىڭچە بۇنىڭدىكى سەۋەب ئېھتىمال باياتىدىن بېرى بىز توختالغان پاراڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك» دېدى.

«توغرا.»

«ئۇنداقتا، سىز بەختلىك ئائىلە قۇرۇشنى ئۆزىڭىزنىڭ تىرىشىش نىشانىڭىز قىلمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن، خۇشال بولغان ئائىلە تۇرمۇشىغا ئېرىشەلمىدىڭىزمۇ؟»

«ئاڭلىماققا ئادەمنىڭ ھەقىقەتەن ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، بىراق ئەمەلىيەتتە دەل مۇشۇنداق ئىش، مەن بۇرۇن پەقەت خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلىسەملا ئائىلىگە كۆڭۈل بۆلمىسەممۇ بولىدۇ دەپ ئويلىغان.»

ياش دادا بۇنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى.

«مەن ھازىر بۇ مەسىلىنى ھەل قىلدىم» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا. «مەن ئۆزۈمنىڭ ئائىلە تۇرمۇش نىشانىمنى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ يازدىم ۋە دائىم ئۇنى قايتا ـ قايتا ئېسىمگە ئالدىم، ئەلۋەت-

تە ئۇنى دائىم تەكرارلىغانسېرى ئۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا شۇنچە ئىشەنچىم بار بولدى.

«مەن ئۇنى ‹ئاقىۋالداق قانۇنىيىتى› دەپ ئاتىدىم»

«نېمە؟»

بىر مىنۇتلۇق دادا كۈلۈپ كەتتى. «سىز بەلكىم كىنوخانىدا ئېلىپ بېرىلغان ھېلىقى تەجرىبىنى ئاڭلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن! ھازىر قانۇن ئۇنداق قىلىشنى چەكلىدى. ئېكراندا ئاقىۋالداقنىڭ سۈرىتى ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ ھەمدە «كېلىپ ئاقىۋالداق ئېلىڭ» دېگەن سۆزلەر چىقىدۇ، ھازىر قانۇن ئۇنداق قىلىشنى چەكلىدى.

«بۇ كۆرۈنۈش ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتكەچكە تاماشىبىنلار پەقەتلا كۆرەلمەيدۇ.»

«مەن قول باغلىشىمەنكى» دېدى بۇ ياش دادا شۇ زامان «ئۇلارنىڭ ئاڭسىز تەپەككۇرى ئۇنى ئاللىقاچان كۆردى، شۇنداقمۇ؟»

«ناھايىتى توغرا دېدىڭىز! ئۇنداقتا نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟»

«كىنوخانا نۇرغۇن ئاقىۋالداق ساتتى» دەپ جاۋاب بەردى بۇ ياش دادا.

«بۇ ئەڭ مۇھىمى، ئاڭسىز تەپەككۇر بىزنىڭ ئىش - ھەرىكىتىمىزگە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئوخشاشلا يەنە سەلبىي تەسىرمۇ كۆرسىتىدۇ.»

«مەسىلەن، يېقىنقى بىر شەنبە كۈنى، مەن مەلۇم گېزىتنىڭ تەنتەربىيە سەھىپىسىدە بىر پارچە ماقالە كۆردۈم. بۇنىڭدا بىر گولف توپ ماھىرىنىڭ سۆزى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ ئالدىنقى ئۈچ مەيدان مۇسابىقىدە ئىزچىل بىرىنچى بولغاچقا، ئۇ ئۆزىنى مەن دېگەن قارانچۇق توپچى دەپتۇ».

مۇخبىرلار ئۇنىڭدىن مەنىسىنى سورىغاندا، ئۇ «مەن نۇرغۇن مۇ-
نەۋۋەر ماھىرلارنى قورقۇتتۇەتتىم» دەپتۇ.

«باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا» دېدى ياش دادا «ئۇنىڭ كالىلىسىدا
مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېنىق بېكىتىلىپ بولغان بولۇپ، ئۇ ئۇ-
زىنى مۇسابىقە مەيدانىدا باشقا تەنھەرىكەتچىلەرنى «قورقۇتىۋەت-
سەملا» بولىدۇ دەپ ئويلىغاچقا، باشقا تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ غەلىبە
قىلىش مۇمكىنچىلىكى ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

«توغرا دېدىڭىز، ئەتىسى مەن يەنە گېزىت كۆردۈم، ئويلاپ بېقى-
ڭە، ئۇنىڭ ئالدىنقى كۈنىدىكى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدىكى
ئىپادىسى قانداق بوپتۇ؟»

ياش دادا بېشىنى چايقىدى، ئۇ نەتىجىنىڭ ئۆزى ئويلىغىنىدەك
چىقماسلىقىدىن ئەنسىرىدى.

«ئەلۋەتتە يېڭىدۇ-دە، ئۇ 76 تۆشۈككە كىرگۈزۈپ، ناھايىتى
كۆپ مۇكاپاتقا ئېرىشتى» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا.

«مۇسابىقىدە ئۇتتۇرۇۋېتىشنى ئويلايدىغانلار يېڭىپ بولالمايدۇ»
سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە بىر مىنۇتلۇق دادا سائىتىگە قارىدى-دە،
«ۋاقىت توشۇپ قالاي دەپتۇ» دېدى.

«نېمە ۋاقىت توشاي دەپ قالدى؟» دەپ سورىدى ياش دادا.

«ئۆيىمىزنىڭ شەنبە ئەتىگەنلىك يىغىنى، باللارنىڭ سىزنىڭ
كېلىشىڭىزدىن خەۋىرى بار، ئەگەر خالىسىڭىز، ئۇلار سىزنىڭ
قاتنىشىشىڭىزنى قارشى ئالىدۇ.»

بۇ ياش دادا ناھايىتى خۇشال ھالدا باللار بىلەن بىللە ئاشخانا
ئۆيدىكى ئۇستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئۇ ئېچىلماقچى بولغان ئە-
تىگەنلىك يىغىنغا ناھايىتى قىزىققانىدى.

## بالىنى قانداق ماختاش كېرەك؟

بۇ ياش دادا ئەتىگەنلىك يىغىننى ئېچىۋاتقانلارنىڭ بالىلار ئىدىكەنلىكىنى بىلىپ ناھايىتى ھەيران قالدى.

ئۇلار بىرلىكتە ئۆزلىرىنىڭ نىشانلىرىنى ئەسكە ئالدى. يەنى ئائىلىنىڭ نىشانى ۋە ھەرقايسىسىنىڭ نىشانى، ئارقىدىنلا ئۇلار ئۆزئارا بىر مىنۇتلۇق ماختاش ۋە بىر مىنۇتلۇق تەنقىد ئېلىپ باردى. كەيپىيات ناھايىتى ياخشى بولۇپ، كۆپچىلىك ئۆزئارا چاقچاقلىشىپ ئوينىشاتتى، شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بۇ بەش بالا ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇۋاتقان بولۇپ، يەنە تېخى ئازراق بولسىمۇ نەتىجىگە ئېرىشكەنىدى.

ئەتىگەنلىك يىغىن ئاخىرلىشىش ئالدىدا چوڭ ئوغلى «سىلەر بىلىسىلەر، بىزنىڭ ئورتاق بىر نىشانىمىز ئۆزئارا بىر ـ بىرىمىزدىن خەۋەر ئېلىش» دېدى.

ھەئە، مەن بىر خەۋەرنى ئوقۇغان، ئۇنىڭدا «ھەر يىلى 15 مىڭدەك ئۆسمۈرنىڭ بۇلاپ كېتىلىدىغانلىقى» يېزىلغان. بەزىلەر بالىلارنىڭ بارماق ئىزىنى ئېلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. بۇنداق بولغاندا ناۋادا بالىلار يىتىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ سالاھىيىتىنى جەزملەشتۈرۈش ئاسانراق بولىدىكەن. بىزمۇ كىچىك سىڭلىمىزنىڭ بارماق ئىزىنى خاتىرىلىۋالايلى، قانداق؟»

«قانداق ئالىمىز؟» دەپ سورىدى باشقىلار.

«پەقەت سىياھ ۋە بىر پارچە قەغەز بولسىلا بولىدۇ، بىز بۇ بارماق ئىزى چۈشۈرۈلگەن قەغەزنى ئۆيدە ساقلاپ قويساق بولىدۇ.»

بىر قىز قولىنى ئاكىسىنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ تۇرۇپ: «ئاكا سەن سىڭلىمىزغا بەك كۆيۈنىدىكەنسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى ياخ-

شى بولغان تەكلىپ بەردىڭ، مەن ساڭا ئىيتسام، بۇ مېنى بەك
خۇش قىلدى» دېدى.

بالىلار بۇ مەدھىيە سۆزلىرىگە ئالقىش ياڭراتتى. كۆرۈنۈپ تۇ-
رۇپتىكى، كۆپچىلىك ئاكا - سىڭىل ئىككىسىنىڭ ئىپادىسىنى نا-
هايىتى ياخشى كۆرگەنىدى.

«بىز ھەممىمىزنىڭ بارماق ئىزىنى خاتىرىلىۋالايلى» دېدى بىر
بالا پىكىر بېرىپ.

بالىلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلدى. ئەتىگەنلىك يىغىن ئاخىرلاش-
قاندىن كېيىن، بالىلار يېقىن ئەتراپتىكى ئۇقۇش قوراللىرى سا-
تىدىغان ماگىزىنغا بېرىپ كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ،
پىلانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تەييارلاندى.

«ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ!» دېدى ياش دادا ئۇلۇغ كىچىك
تىنىپ.

«نەچچە ئاي ئىلگىرى، مەنمۇ بۇنداق بولۇشنى ئويلاپ باقمى-
غان» دېدى دادا ئىقرار قىلىپ، «بىراق مەن بالىلارنىڭ نېمە
ئىشلارنى توغرا قىلغانلىقىنى ياكى ئاساسىي جەھەتتىن توغرا
قىلغانلىقىنى تىرىشىپ بايقىغاندىن كېيىن، ھەممە ئىشلار ئۆز-
گىرىشكە باشلىدى» دېدى.

«بۇنىڭ بالىلىرىمغا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەنلى-
كىگە پەقەتلا ئىشەنگۈم كەلمەي قالىدۇ.»

«بىر مىنۇتلۇق ماختاش نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا ئۈنۈم بەردى؟»
دەپ سورىدى ياش دادا قىزىقىپ.

«ئالدى بىلەن بالىلار ماختاشقا ئېرىشتى. بۇ خىل ئىنكاسنىڭ
ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇشقا ياردىمى بار.

«ئىلگىرى مەن دائىم بالىلارنىڭ ئىپادىسى ياخشى بولغان چاغدا
ئۇلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى ئۇنتۇپ قالاتتىم.»

ياش دادا كۈلۈپ تۇرۇپ: «يېقىندا مەن بىر كارتون فىلىم كۆر-
گەنىدىم. ئۇنىڭدا دەل مۇشۇ ئىش سۆزلەنگەنىكەن» دېدى.

«فىلىمدىكى كەپسىز بالا دانىنىس كۆزلىرىگە لىق ياش ئالغان ھالدا تام تۈۋىدە تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە ‹مەن ياخشى ئىش قىلغان تۇرسام، نېمىشقا ماڭا ئولتۇرىدىغان جايمۇ قالمايدۇ؟›» دەيدۇ. بۇنى ئاڭلاپ بىر مىنۇتلۇق دادىمۇ كۈلۈپ كەتتى.

«راستىمنى ئېيتسام» دېدى ياش دادا «مېنىڭ بالىلىرىممۇ گەپ ئاڭلىغان چاغلاردا مەنمۇ ئۇلارغا دىققەت قىلىپ باقمىغان» دېدى.

«ماڭا ئىشىنىڭ» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا ناھايىتى جەزملەشتۇ-رۇپ. «ئەگەر سىز شۇ چاغدا ئۇلارغا سەللا دىققەت قىلسىڭىز، ئۇلارغا ناھايىتى زور پايدىسى بولىدۇ» دېدى.

«ئەگەردە سىز بالىلىرىم ناھايىتى تېز چوڭ بولسۇن دېسىڭىز، شۇنى ئېسىڭىزدە ساقلاڭكى، ياخشى بولغان قايتما ئىنكاس مۇۋەپ-پەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ ناشتىلىقىدۇر.»

«ئەڭ ياخشى بولغان قايتما ئىنكاس بولسا، بالىلارغا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى كۆرسىتىش.

> بالىلارنى ئۆزلىرىگە ئىشەندۇرۇش بولسا مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئامالى، يەنى ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى كۆرسەتكۈزۈشتۇر.

«بىر مىسال بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ياخشى چۈشەندۈرىدۇ» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا. «بۇ ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەن ھېكايە. بىر دادا كىچىك ئوغلىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئال-دىن ھەممە ئىشنى تەييار قىلىپ بېرىدۇ. نەتىجىدە بۇ بالا نېمىلا ئىش قىلمىسۇن، ھەممە ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ» دېدى.

ياش دادا كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئاڭلىماققا بۇ بالا كېيىن ھەقىقىي مۇ-ۋەپپەقىيەت قازانغۇچى بولغۇدەك» دېدى.

«ئۇ ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەت قازاندى!» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا.



«ئۇ دادا قانداق قىلغان؟» دەپ سورىدى ياش دادا.

«ئۇ باشقا دادىلارغا ئوخشاش بالىسىغا سوقما توپ ئويناشنى ئۆ-گەتكەن. بىراق ئۇنىڭ ئۆگەتكەن ئۇسۇلى بىزنىڭكىگە ئوخشىماي-دۇ.»

«ئۇ نورمال پىروگراممىنى بەلگىلەپ قويغاندىن كېيىن، ماشىنا 10 دانە يۇمىلاق بوتۇلكىنى رەتلىك تىزىدۇ. ئارقىدىنلا ئۇ دوستىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ئىشنى قىلىدۇ. يەنى ئويۇقچىنىڭ باش تەرىپىگە يەنە نەچچە بوتۇلكا تىزىپ قويىدۇ.»، «باش تەرىپىگە؟» ياش دادا ھەيرانلىق بىلەن سورىدى. «سىزنىڭ باياتىن دېگىنىڭىز راستىنلا ئويۇقچىقمۇ؟»

«توغرا» دەپ جاۋاب بەردى بىر مىنۇتلۇق دادا.

«ھەممىمىز بىلىمىز، ئەگەر توپنى ياخشى ئۇرالمىساق، سوقما توپ يولدىن چىقىپ كېتىپ، ئويۇقچىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. بىر تال يۇمىلاق بوتۇلكىنىمۇ ئۇرۇپ يىقىتالمىغاچقا، نەتىجىدە نۆل نومۇرغا ئېرىشىمىز.

«ئۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ؟» دەپ سورىدى ياش دادا.

«مەن بىر مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق سىزگە جاۋابىنى ئېيتىپ بېرەي، ئەگەردە بۇ بالىنىڭ ئاران تۆت ياش ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئەمدىلا سوقما توپ ئويناشنى ئۆگەنگەنلىكىنى بىلگەن بولسىڭىز، سىزنىڭچە بۇ بالا توپنى نەگە ئېتىپ قويار؟

ياش دادا كۈلۈپ كەتتى ۋە «مەن بۇ بالىنىڭ توپنى ئويۇقچىغا ئېتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن» دېدى.

«توغرا، كۆپچىلىك دادىلارنىڭ ھەممىسىدە بۇ خىل ئەنسىرەش بولىدۇ.»

«لېكىن بۇ دادا ئوغلىنىڭ توپنى نەگە ئېتىشىدىن ئەنسىرىمەي-دۇ، چۈنكى ئۇ توپ بارالايدىغان جايلارنىڭ ھەممىسىگە يۇمىلاق بو-تۇلكىنى قويۇپ قويغانىدى.»

ياش دادا كۈلۈپ كەتتى ۋە «نېمىدېگەن ياخشى ئامال بۇ!» دېدى.

«بۇ ئامال ناھايىتى ياخشى، شۇنداقمۇ؟ ئىشقىلىپ بۇ بالا توپنى نەگىلا ئاتمىسۇن، ئۇ پەقەتلا ‹ئۇتتۇۋالدۇ!›»

ياش دادا بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدى ۋە يۈزلىرىگە كۈلكە يۈگۈردى.

«سىز تېپىپ بېقىڭە، بۇ بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن قانداق ئادەم بولىدۇ؟»

«كەسپىي سوقما توپ ماھىرى؟»

«توغرا تاپتىڭىز، يەنە تېخى ئۇ ناھايىتى داڭلىق سوقما توپ ماھىرى دەڭە! نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن، ئۇ بىر سوقما توپ ماھىرى بولۇپ، ھەرقانداق بىر كەسپدىشىدىن كۆپ مۇكاپاتقا ئېرىشكەندە، بىرەيلەن ئۇنىڭدىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى سورىغاندا، بۇ نېرسىن. پوتىن ئىسىملىك تەنھەرىكەتچى ناھايىتى مەغرۇرلۇق بىلەن دادىسىنى تىلغا ئالىدۇ.

«مەن ئۆزۈمنىڭ نۆل نومۇر ئالغىنىمنى پەقەتلا بىلمەيمەن، چۈنكى مېنىڭ ناھايىتى قالتىس دادام بارا!» دەيدۇ ئۇ.

ئىككىيلەن جىممىدە ئولتۇرۇپ، بۇ ھېكايىنى ئەسلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق دادىسىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىشتى.

ئەمدى ئۇلار بالىلىرى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇنداق دادىغا ئۆزگىرىشىنى ئويلاشتى.

«بۇ ھېكايە ماڭا يەنە بىر دادا بالىنى ئەسلەتتى، كىچىك ئوغلىنىڭ ۋالىبول ئويناشنى ئۆگىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، دادا بالىسىغا چويلا توپنى ئەخلەت ساندۇقىغا ئاتقۇزۇپ رىغبەتلەندۈرىدۇ. شۇڭا، بۇ بالىمۇ بىرەر قېتىم توپنى كىرگۈزەلمەي قالغىنى يوق» دېدى ياش دادا.

«بىراق كۈلكىلىك بولغان يېرى شۇكى، مەن ئوغلۇم ئۈچۈن بۇنداق ئىش قىلىپ بېرىشنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقماپتىمەن» دېدى ئۇ سەمىمىيلىك بىلەن.

بىر مىنۇتلۇق دادا كۈلۈپ تۇرۇپ «بىراق، مېنىڭچە سىز قىلالايسىز» دېدى.

«سىز مۇشۇنداق قىلغانسىرى، بالىلاردىكى ئەڭ ياخشى بولغان بىر تەرەپنى شۇنچە قوزغىغىلى بولىدۇ.»

«بۇ بولسا بىر مىنۇتلۇق ماختاشنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچىلىك ئۈنۈملۈك بولۇشىدىكى سەۋەبمۇ؟» دەپ سورىدى ياش دادا. «چۈنكى ئۇ بالىلارنىڭ ئۆزلىرىدە بار بولغان ئارتۇقچىلىقلارنى قوزغىيالىغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟

«ناھايىتى توغرا، ھەربىرىمىزدە توغرا ھۆكۈم ۋە قارار چىقىرالايدىغان ئىقتىدار بار. ئەگەر شۇنداق قىلىنىشىمىز بىزگە پايدا ئېلىپ كېلەلىسە.»

«سىز نېمە ئۈچۈن بالىلاردا بۇ خىل ئەقىل ـ پاراسەت بار دەپ قارايسىز؟» دېدى ياش دادا.

«چۈنكى ھەر كۈنلۈكى ئۇلاردىن بۇ نۇقتىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. سىز پەقەت بالىلارنىڭ تۇرمۇشىغا دىققەت قىلىپ قارىسىڭىز، ئۇلارنىڭمۇ بىز بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقىۋالالايسىز. پەقەت ئۆزىدە ئىشەنچ، جاسارەت بولغاندىلا بارلىق ئىشلارنى رەتلىك بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ.

«بۇرۇن بەزىلەر ناھايىتى قىزىقارلىق بولغان بىر تەجرىبە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلار بالىلارنىڭ نېمىنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدىغانلىقىنى بايقىغان.

«ئۇلار مەكتەپتە ئالاھىدە بولغان يېمەكلىكلەر دۇكىنىنى ئاچىدۇ. دۇكاننى ئىككى قىسىمغا ئايرىپ بىر قىسمىدا ناھايىتى يېيىشلىك بولغان يېمەكلىكلەر ـ ماروژنا، پىسا، كەمپۈت قاتارلىقلارنى تىزىدۇ.

«يەنە بىر تەرىپىدىكى يېمەكلىكلەرمۇ ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ھەمدە ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولغان يېمەكلىكلەر بولۇپ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا «چوقۇم يېگىن» دەيدىغان يېمەكلىكلىرى ئىدى.

بۇ تەتقىقاتنى ئېلىپ بارىدىغان جەمئىيەتشۇناس بالىلارغا: «سىد ـ

لەر كۈندە بۇ دۇكانغا كېلىپ نەرسىلەرنى يېسەڭلار بولىدۇ، ئىخ-تىيارىڭلارچە تاللايسىلەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسى بىكارلىق» دەيدۇ.

«ئاڭلىماققا ياخشى گەپ ئىكەن» دېدى ياش دادا.

بىر مىنۇتلۇق دادا كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئەلۋەتتە، بىلەمسىز، بالىلار بىرىنچى كۈنى يېمەكلىكلەر دۇكىنىغا كەلگەندە، نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟» دېدى.

«ئەگەر ئۇلار مېنىڭ ئىككى بالامغا ئوخشايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا چوقۇم ئەخلەت يېمەكلىكلەرنى ناھايىتى خۇش بولۇپ يېيىشىپ كېتىدۇ» دېدى ياش دادا.

«دېگىنىڭىز توغرا.»

«ئىككىنچى كۈنى نېمە ئىشلار يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەمسىز؟»

«يەنە شۇنداق بولغاندۇ» دەپ جاۋاب بەردى ياش دادا.

«ئاساسىي جەھەتتىن شۇنداق» دەپ جاۋاب بەردى بىر مىنۇتلۇق دادا.

ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، بالىلاردا قانداق ئىنكاس بول-غانلىقىنى بىلەمسىز؟

«ئېسىڭىزدە بولسۇن» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا ئەسكەرتىش بې-رىپ «ئۇلار يەنىلا نېمە يېگۈسى كەلسە شۇنى يەيدۇ، قانچىلىك يې-گۈسى كەلسە شۇنچىلىك يەيدۇ.»

«بىلمىدىم، زادى نېمە ئىش يۈز بەردى؟» دېدى ياش دادا.

«بالىلار ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى يېمەكلىكلەر قويۇلغان تە-رەپتە ئۆچرەتكە تۇرۇشقا باشلاپتۇ. نۇرغۇن بالىلار ئەخلەت يېمەك-لىكلەردىن زېرىكىپ، ساغلام بولغان يېمەكلىكلەرنى يېگۈسى كې-لىدۇ، ئۇلار ئاخىردا ئۆزلىرىگە پايدىلىق بولغان يېمەكلىكلەرنى تاللايدۇ.»

ئەگەر، تۇرمۇشتا بالىلارنى ئۆزلىرىنىڭ تاللىشىغا قويۇپ بەر-سەك ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇنداق قىلىدۇ. ئۇلار نېمىنىڭ

ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن پايدىلىق نەرسىلەرنى تاللايدۇ.

«مەسىلە شۇ يەردىكى» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا «كۆپلىگەن ئاتا ـ ئانىلار ئۇلاردا بۇ خىل قابىلىيەتنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيدۇ» دېدى.

«شۇڭا» دېدى ياش دادا سۆز قىستۇرۇپ «بىز ئۆزىمىزنىڭ ھۆكۈمىگە ئاساسەن ئۇلارغا مۇئامىلە قىلىمىز» دېدى.

«ناھايىتى توغرا دېدىڭىز، سىز ئويلاپ بېقىڭە، ئۇلارغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلغانىنىڭ نەتىجىسى نېمە بولار؟»

«بالىلار خاتا بولغان قارارنى چىقىرىدۇ» ياش دادا چۈشىنىشكە باشلىغانىدى. «شۇنىڭ بىلەن بىز دائىم ‹ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى› تۈزەتكىلى تۇرىمىز.»

«توغرا، ھەرقانداق بىر دادىغا نىسبەتەن بۇنداق قىلىش ئادەمنى ناھايىتى چارچىتىۋېتىدۇ. بەلكىم سىزمۇ بۇ ئىشنى بېشىڭىزدىن كەچۈرۈپ باققانسىز.»

«شۇڭلاشقا دەيمەن» دېدى ياش دادا تۇيۇقسىز بىر نېمىنى ھېس قىلغاندەك. «مانا بۇ دەل بىر مىنۇتلۇق ماختاشنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا ئۈنۈملۈك بولۇشىدىكى سەۋەب ئىكەندە.»

«ئۇ بالىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ غەلىبە قازانغۇچىغا ئايلىنالايدىغانلىقىنى بايقىشىغا ياردەم بېرىدۇ. پەقەت ئۆزىگە ئىشەنگەندىلا، ئۆزىنىڭ تۇيغۇسىغا ئىشەنگەندىلا، ئۇلار توغرا بولغان ھۆكۈمنى چىقىرالايدۇ، ھەممە ئىشلارنى دېگۈدەك ياخشى ئورۇنداپ كېتەلەيدۇ.»

«مېنىڭچە، بالىلىرىمىزنى تىترەپ تۇرۇپ، بەلگىلىمە بويىچە ئىش قىلىدىغان كىچىك ماشىنا ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش، سىز ۋە مېنىڭ ئىرىشمەكچى بولغان نەتىجىمىز ئەمەسقۇ دەيمەن» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا.

«مەن بالىلىرىمنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن ياخشى بولغان ئىشلارنى تاللاپ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇلارنى ئۇ ئىشلارنى زورمۇزور ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى خالاپ قىلسىكەن،

دەيمەن. چۈنكى، ئۇلار شۇنداق قىلىشىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا، ئۆزلىرى قىلىشنى ئارزۇ قىلغان ئىشلىرىنى قىلىشىغا ياردىمى بولىدىغانلىقىنى بايقايتتى.

«فورت، دىسنىي ئىلگىرى بىر خىل بالىلارنى تەسۋىرلىگەن. بۇ بالىلار ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە ئەركىنلىكنى ئىدىيەلىرىگە چۆمگەن. بىز ھەممىمىز كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدا بەلكىم ئاشۇنداق بالىلاردىن بولۇشنى ئارزۇ قىلغان بولۇشىمىز مۇمكىن. ھازىر بالىلىرىمىزنىڭ ئاشۇنداق بولۇشىنى تېخىمۇ ئۈمىد قىلىمىز. — ھازىر بۇ خىل خىسلەت ناھايىتى ئازلاپ كەتتى.

«دىسنىي ئەپەندىم دائىم دوستلىرىغا بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىشكە ئامراق ئىدى. «سېرك ئۆمىكىگە قاتناشماقچى بولغان ھېلىقى ئوغۇل بالىنىڭ ھېكايىسى ئېسىڭلاردىمۇ؟ سېرك ئۆمىكى بازارغا كېلىپ نامايىش قىلغان چاغدا ئوركېستىر دىرىژورى بىر كانايچى ئالماقچى بولغاندا، ئۇ بالا تىزىمغا ئالدۇرىدۇ. نامايىشچىلار قوشۇنى ئىككى كوچىنى ئايلىنىپ بولمايلا، ئۇ چالغان كانايىنىڭ قورقۇنچلۇق ئاۋازى ئىككى مومايىنى قورقۇتۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىدۇ. يەنە بىر ئاتىنىمۇ ئۈركىتىۋېتىدۇ. ئوركېستىر دىرىژورى ئۇنىڭدىن ‹سەن ماڭا ئۆزۈڭنىڭ كاناي چالالمايدىغانلىقىڭنى نېمە ئۈچۈن ئېيتمايسەن؟› دەپ سورىغىنىدا، ئۇ بالا ‹مەن ئۆزۈمنىڭ چالالمايدىغانلىقىمنى نەدىن بىلەي؟ بۇرۇن چېلىپ باقمىسام› دەپ جاۋاب بېرىدۇ.»

ياش دادا كۈلۈپ كەتتى.

«بۇ ھېكايىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ. «دىسنىي ئەپەندىم يەنە مۇنداق دەيدۇ: ‹نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى، بەلكىم مەن ئۇ بالا بىلەن ئوخشاش بولغىيتىم. ھازىر، مەن چاچلىرى ئاقارغان بىر بوۋاي بولدۇم. يەنى خۇددى باشقىلار ئېيتقاندەك، بىر ئاز ئەقىللىكرەكمۇ بولدۇم. بىراق، مەن ئۆزۈمنىڭ يېشىنى كىچىكلىتەلمەيمەن. ئەمما، مەن

ئۆزۈمنى روھىي جەھەتتىن ياشنەك تۇتىمەن، خۇددى ھېكايىدىكى ئاشۇ بالىغا ئوخشاش مەغلۇبىيەتتىن مەڭگۈ قورقمايمەن، پۇرسەت بولسىلا ئۆرۈنۈپ كۆرىمەن.»

بىر مىنۇتلۇق دادا ئويلىنىۋېلىپ: «مەن باللىرىمنىڭ مۇشۇنداق ئويلىشىنى ناھايىتى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەردە مەن كىچىك ۋاقتىمدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى كۆپرەك قىلالىغان بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ــ ھە» دېدى.

«سىزنىڭ گېپىڭىزچە بولغاندا، سىز باللىرىڭىزغا ياردەملىشىپ غەلىبە قىلىشىنىڭ بارلىق تەييارلىقىنى قىلىپ بېرىسىز، ئەگەردە ئۇلار ئۆزلىرىدىكى غەلىبىنى ھېس قىلالماي قالسا، سىز ئۇلارغا ئۇلارنىڭ غەلىبە قازانغان يەرلىرىنى بايقىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ بېرىسىز، مانا بۇ دەل بىر مىنۇتلۇق ماختاشنىڭ ئىشلىنىشىدۇر.»

«سىز ئومۇملاشتۇرۇپ يىغىنچاقلاشقا ئۇستا ئىكەنسىز» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا. «مەن يەنە شۇنى قوشۇپ قويايكى، مېنىڭ تەجرىبەمگە ئاساسلانغاندا، باللارنى ماختاش باللارنى تەقىدلىگەنگە قارىغاندا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولىدۇ.»

ياش دادا ئويلاپ كېتىپ «سىزنىڭ سۆزىڭىز ماڭا شامال ۋە قۇياش ھەققىدىكى مەسەلنى ئېسىمگە سالدى» دېدى.

«نېمە مەسەل ئۇ؟» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا قىزىقىپ. ياش دادا بىر مىنۇتلۇق دادىنىڭ بىرەر ئىشنى بىلىۋېلىشقا ناھايىتى قىزىقىدىغانلىقىنى بايقىدى.

«شامال بىلەن قۇياش ئالەمدە كىمنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا دەتالاش قىلىپ قاپتۇ» دېدى ياش دادا چۈشەندۈرۈپ. «شامال ئۆزىنى قۇياشتىنمۇ بەك قۇدرەتلىك دەپ ماختاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆزى يالغۇز دەرەخلەرنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلايدىغانلىقىنى، قارا بوران پەيدا قىلىپ، پۈتۈن بىر شەھەرنى ۋەيران قىلالىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ دېڭىزدا كېمىلەرنى لەيلىتەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ دېڭىزدا كېتىۋاتقان پاراخوتلارنى ئۆرۈپ تاشلاپ، دېڭىز ئاستىغا چۆكتۈرۈۋې-

تەلەيدىغانلىقىنىمۇ ئېيتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىد-
كەنلىكىگە ئىشىنىدىكەن.

«بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان قۇياش ناھايىتى سىپايىلىق بىلەن: «بەل-
كىم سەن ئەڭ كۈچلۈكتۇرسەن» دەپتۇ.

شامال بۇنىڭ بىلەن بولدى قىلماي «مەن ئەلۋەتتە سەندىن كۈچ-
لۈكمەن، مەن ساڭا ئىسپاتلاپ بېرەي، بىز بەسلىشىپ كىمنىڭ ئۇ-
تىدىغان، كىمنىڭ ئۇتتۇرىدىغانلىقىنى ئايرىپ باقايلى» دەپتۇ، قۇ-
ياشمۇ قوشۇلۇپتۇ.

شامال تۆت ئەتراپقا قاراپتىپ: «يولدا كېتىۋاتقان ئاۋۇ بوۋاينى
كۆردىڭمۇ؟ قېنى كىمنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى.
مەن ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭ چاپىنى ۋە شەپكىسىنى ئۇچۇرۇۋېتى-
مەن، قېنى كۆرۈپ تۇر - ھە!» دەپتۇ.

«قۇياش كۈلۈپلا قويۇپتۇ. شامال كۈچىنىڭ بارىچە چىقىشقا
باشلاپتۇ. شامال كۈچەيگەنسېرى، بوۋاي بېشىدىكى شەپكىسىنى ئې-
لىپ، قويىنىغا سېلىۋاپتۇ. شامال تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ. بوۋاي چا-
پىنىنى تېخىمۇ چىڭ ئورىۋاپتۇ، شامال قانچە قاتتىق چىققانسېرى
بوۋاي شەپكە ۋە چاپىنىنى شۇنچە چىڭ تۇتۇۋاپتۇ.

«شامال 10 مىنۇت ئەتراپىدا ناھايىتى قاتتىق چىقىپتۇ.»

ئاخىر، شامال ۋاز كېچىپتۇ.

«بۇ چاغدا قۇياش بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىقىپتۇ»

«قۇياش ئەمدىلا چىققان چېغىدا، بوۋاي ھاۋانىڭ ئىللىغانلىقىنى
ھېس قىلىپتۇ - دە، دەررۇ ئاسمانغا قاراپتۇ، بىراق قۇياشنىڭ نۇ-
رىدا ئىتتىككلا يەرگە قارىۋاپتۇ، قۇياش نۇرى بارا - بارا قىزدۇرۇشقا
باشلاپتۇ. بەش مىنۇتقا قالماي، بوۋاي تەرلەپ ئېقىپ كېتىپتۇ...»

ئاڭلاپ بۇ يەرگە كەلگەندە، بىر مىنۇتلۇق دادا كۈلۈپ كەتتى ۋە
«شۇنىڭ بىلەن ئۇ چاپىنىنى سېلىۋېتىدىكەن - دە!» دېدى.

«شۇنداق» دەپ جاۋاب بەردى ياش دادا.

ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «قۇياش قىسقىغىنا نەچچە مىنۇتتىلا نىشانىغا

يېتىپتۇ» دەپ سۆز قىستۇردى.

«مەن بۇ ھېكايىنى ياخشى كۆردۇم» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا. بۇمۇ تېز ئۇسۇل ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى ئۇنۇمگە ئېرىشىشنىڭ مىسالى ئىدى.

«سىزنى ياقتۇرىدۇ دەپ ئويلىدىم» دېدى ياش دادا. «قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ياخشى بولغان نەتىجىگە ئېرىشىش توغرىسىدا سۆزلەشتۇق، ئەمدى بىز بىر مىنۇتلۇق تەنقىد توغرىسىدا داۋاملىق پاراڭلاشساق بولامدۇ؟»

«ئەلۋەتتە بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى بىر مىنۇتلۇق دادا.

«ئەمەلىيەتتە» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا ئىقرار قىلىپ: «بۇ مەسەل ماڭا بۇرۇنقى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمنى ئەسلىتىپ قويدى. ئۇ چاغلاردا مەن دائىم بالىلىرىمغا ۋارقىراپ ـ جارقىرايتتىم. مەن ئۇلارغا مۇشۇنداق پوزىتسىيەدە سۆزلەيتتىم. مېنىڭ شۇ چاغدىكى قىلغانلىرىم ئۇلارغا، مەن ئۇلارنى ناھايىتى ئەسكى بالا دەپ ئويلايدىغاندەك تۇيغۇ بەرگەنىدى.

«ئەلۋەتتە، بىز قانچە ۋارقىرىغانسېرى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلغىنىنى شۇنچە توغرا دەپ تونۇۋالىدۇ.»

«مەن بىر ئىشنى چۈشەنمىدىم» دېدى ياش دادا «سىز بالىلىرىڭىزغا بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنى ئېلىپ بارسىڭىز ئۇنۇمىنىڭ ناھايىتى ياخشى بولغانلىقىنى ئېيتتىڭىز، مەن ئەسلىدە ئۇلارنى سىز بىلەن تاكاللىشامدىكىن دەپ ئويلاپتىمەن، نېمە ئۈچۈن بىر مىنۇتلۇق تەنقىد بۇنچىۋالا ئۇنۇملۇك بولىدۇ؟»

## بالىنى قانداق تەنقىد قىلىش كېرەك؟

«بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنىڭ ئۇنۇملۇك بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇ مېنىڭ مۇھەببىتىم ئارقىلىق بالىلىرىمنى تەربىيەلىشىمگە ياردەم قىلىدۇ. مانا بۇ دەل بالىلارنىڭ ئېھتىياجلىق بولىدىغىنى، ئەلۋەتتە ئۇلار ئېھتىياجلىق بولغاندىلا مەن شۇنداق قىلىمەن» دېدى دادا.

«بىر مىنۇتلۇق تەنقىد مېنى مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان ياخشى بىر ئامال بىلەن تەمىنلىدى، سىزمۇ بىلىسىز، بالىلاردا دائىم ھەر خىل ھەر ياڭزا ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.»

«ئادەمنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدىغان ئاشۇ ئىش - ھەرىكەتلەرگە پەقەت چىداپ ئولتۇرالمايمەن» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا. «شۇڭلاشقا مەيلى خىزمەتتە، مەيلى ئائىلىدە بولسۇن، ئەزەلدىن ئاچچىقىمنى ئىچىمگە يۇتۇۋەتمەيمەن، بىراق مەسىلە بالىلىرىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاندا مېنىڭ ئىنكاسىم بولسا، بۇ ئىشنى تېخىمۇ ئوسالالاشتۇرۇۋېتىش.»

«مېنىڭ ئۆيۈمدە ھازىرمۇ مۇشۇنداق» دېدى ياش دادا. «مەنمۇ ئادەمنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدىغان ئىش - ھەرىكەتلەرگە چىداپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق دەپ قارايمەن»

«بىراق، بۇنداق قىلغاننىڭ ئاقىۋىتى، بالىلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلمايلا قالماستىن، بەلكى يەنە پۈتۈن ئائىلە كىشىلىرى، يەنى بالىلىرىم مېنىڭ ئۆزلىرىنى ئەدەپلىككەك قىلغۇزماقچى بولغىنىمدىن ماڭا بەك ئۆچ بولۇپ كەتتى.»

«گېپىمنى ئاڭلاڭ» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا. «ئۇلارنىڭ ئۆچ

بولغىنى پەقەت سىزنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلىڭىز» دېدى.

ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ «سىز ھازىر مېنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىمگە ئوخ-شاپ قاپسىز» دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

«سىزنىڭ؟» دېدى ياش دادا ئىشەنمىگەن ھالدا.

«توغرا، مېنىڭمۇ بۇرۇن ئاچچىقىم قويۇندەك كېلەتتى. بالىلار خاتالىق ئۆتكۈزسە، ئۇلارغا ۋارقىراپ - جارقىراپ كېتەتتىم، ئاندىن ئۇلارنى قاتتىق جازالايتتىم.»

«پەقەتلا نەتىجىسى بولمىدى، شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىدى ياش دادا.

«توغرا دېدىڭىز، ئىشلار تېخىمۇ چاتاقلىشىشقا باشلىدى.»

مەن ھازىر، مەيلى سىز، ئاياليڭىز، بالىلىرىڭىز ياكى مەن ۋە ياكى مېنىڭ بالىلىرىم بولسۇن، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر-دەك ئوخشاش بىر ئىنكاستا بولىدىغانلىقىنى بىلدىم. بىز ھەممى-مىز باشقىلارنىڭ بىزگە ۋارقىرىشىنى ياكى بىزنىڭ قەدىر - قىم-مىتىمىزنى تۆۋەن چاغلىشىنى پەقەتلا ياقتۇرمايمىز.»

«مانا بۇ بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىدىكى بىر مۇھىم سەۋەبتۇر.» چۈنكى:

> مەن بالىلىرىمغا بىر مىنۇتلۇق تەنقىد ئېلىپ بارغىنىمدا، ئۇلار ئۆزلىرى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى ئۈچۈن خىجىل بو-لۇشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىگە بولغان ياخشى تۇيغۇنى ساقلاپ قالىدۇ.

«بالىلارنى بىئارام قىلغۇزساق بولامدۇ؟»

«ئۇلار ئۆزلىرى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلار ئۈچۈن بىئارام بولسا، ئۇ چاغدا ھېچ ۋەقەسى يوق.»

«ئەمەلىيەتتە، مەن ئۇلارنى بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنىڭ ئالدىنقى يېرىم مىنۇتىدا ناھايىتى بىئارام بولسا ئىكەن دەپ ئويلايمەن» دېدى

بىر مىنۇتلۇق دادا.

بۇ چاغدا ئۇلار ماشىنىنىڭ ئىشىك ئالدىدا توختىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. بالىلار ئوقۇش قوراللىرى ساتىدىغان ماگىزىندىن قايتىپ كەلگەنىدى. يەتتە ياشلىق ئىككىنچى قىزى مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ «دادا ئەگەر مەن سىرتتا سىيرىلغۇچ ئوينىسام، سىلەرگە دەخلى قىلارمەنمۇ؟» دەپ سورىدى.

«ھېچقىسى يوق، ئومىقىم، بىراق ھازىر سىرت ناھايىتى نەم، سىز ئەڭ ياخشىسى يەنە ئويلىنىپ بېقىڭ، دىققەت قىلىڭ ھە!» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا.

قىزچاق چىقىپ كەتتى، ئىككىسى داۋاملىق پاراڭ سېلىشتى.

«سىزنىڭچە بولغاندا بالىلار ئۆزلىرى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلارغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك، شۇنداقمۇ؟»

«ئەلۋەتتە!» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا. «بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىدىكى سەۋەب، چۈنكى ئۇ ناچار بولغان ئىپادە كەلتۈرۈپ چىقارغان نەتىجە، يەنى ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان نەتىجىدۇر.

«مەن ئىلگىرى نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ باققان. ئۆزۈمنىڭ بالىلىرىنى باشقۇرۇپمۇ باققان، مېنىڭ بىلىشىمچە، بالىغا نىسبەتەن ئەڭ ياخشى باشقۇرۇش بولسا ئۇلارغا بىئاراملىق ھېس قىلدۇرغۇزۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇش.

«ئەگەردە ئۇلار ئىچىدىكى بىرىلا بولۇپ قالسا، باشقۇرۇش ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ.»

«مەن بالىلىرىمنى باشقۇرغان چېغىمدا، ئۇلارنى راستتىنلا بوش قويۇۋەتمەيمەن» دېدى ياش دادا ۋە ئارقىدىنلا كۈلۈپ تۇرۇپ: «بۇ جەھەتتە مەن خېلى ئۇستا» دېدى.

بىر مىنۇتلۇق دادىمۇ كۈلۈپ كەتتى ۋە «سىزمۇ بىر مىنۇتلۇق دادىدىن ئۆگىنىشكە باشلاپسىز، توغرىمۇ؟» دەپ سورىدى.

«نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟» دەپ سورىدى ياش دادا بىر ئاز چۈشەنمەي.

«سىز ئۆزىڭىزنى مەسخىرە قىلىشنى ئۆگىنىشنى باشلاپسىز، ئۆتكۈزگەن خاتالىقلارغا نىسبەتەن كۈلۈپلا قويىدىغان بولۇپسىز. بۇنداق قىلىش سىزدەك ئائىلە باشلىقىنى بىر ئاز يېنىكلىتىپ قويىدۇ.

«سىزنىڭ بىر مىنۇتلۇق تەنقىدىڭىز نېمە ئۈچۈن ئادەتتىكى باش قۇرۇشلارغا قارىغاندا ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقىنى بىلگىڭىز بارمۇ؟ ئۇنداق بولسا مەن سىزگە ئېيتىپ بېرەي.

مەن مۇھەببەت بىلەن تولغان تەربىيەنى بالىلىرىمغا بېرىدىغان ئەڭ ياخشى سوۋغات قىلىمەن

«بۇ يەردىكى مۇھىم ھالقا مۇھەببەت» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا.

«بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب بولسا، ئۇ مېنىڭ بالىلىرىمنى نەقەدەر سۆيىدىغانلىقىمنى، ئۇلارغا كۆيۈنىدىغانلىقىمنى بالىلىرىمغا بىلدۈرەلەيدۇ.

گەرچە، يېرىم مىنۇت بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىدىنىڭ ماڭا ئېلىپ كەلگەن تۇيغۇسىنى ئۇلارغا ئېيتقىنىمدا ۋە ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى تەنقىدلىگەن چاغلىرىمدىمۇ ئۇلارنى يەنىلا ياخشى كۆرىمەن. مەن توختىماستىن ئاغرىنىپ ئولتۇرماستىن، مېنى ئۈمىدسىزلەندۈرگىنى ئۇلارنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيمەن.

«ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، ئاچچىقىمنى بېسىپ، ئۆزۈمنىڭ بالىلار تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىمنى، ئۇلارنى قوللايدىغانلىقىمنى ئېيتقان

چېغىمدا، كۆڭلۈم ئوخشاشلا ئۇلارغا بولغان مۇھەببەت بىلەن تو-
شىدۇ. مەن مەڭگۈ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، ئۇلارغا مەدەت بې-
رىشكە رازى.

ياش دادا بۇلارنى ئاڭلىغاچ ئۇ بالىلارنىڭ ھېسسىياتىنى ھېس
قىلغاندەك بولدى.

«بىر مىنۇتلۇق تەنقىدتە ئەڭ ئۈنۈملۈك بولىدىغىنى كېيىنكى
يېرىم قىسمى بولۇپ، مەن بالىلىرىمغا ئۇلارنىڭ ناھايىتى ياخشى
بالا ئىكەنلىكىنى، بۇنداق ئىشلارنى قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى
ئېيتقان چاغلىرىمدا، ئەمەلىيەتتە ئۆزۈمنىڭ ئۇلارغا ناھايىتى ئې-
تىبار بىلەن قارايدىغانلىقىمنى، ئۇلاردىن پەخىرلىنىدىغانلىقىمنى
ئېيتقان بولىمەن.

«باشلىنىشىدا، مەن بۇ ئىشلارنى بەك تەسلىكتە قىلدىم، بولۇپمۇ
ناھايىتى ئاچچىقىم كەلگەن چاغلاردا» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا «مەن
بالىلىرىمغا ئۆزۈمنىڭ ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىم، ھەتتا ئۇلار
خاتالىق ئۆتكۈزگەن چاغلاردىمۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى
ئېيتىمەن. بۇنداق قىلىش مېنىڭ دۇنيارىمنى ھەقىقەتەن ئۆزگەرت-
تى، ھازىر مېنىڭ ئائىلەم ...»

دېرىزە سىرتىدىن تۇيۇقسىز ئاڭلانغان يىغا ئاۋازى ئۇنىڭ گېپىد-
نى بۆلۈۋەتتى. ئەسلىدە كىچىك قىزى يىقىلىپ چۈشكەنىدى.

بىر مىنۇتلۇق دادا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ دېرىزە سىرتىغا
قارىدى. كىچىك قىزى ئاستا ئورنىدىن ئۆمىلەپ قوپتى، قارىماققا
تېرىسى ئازراق سۈرۈلۈپ كەتكەن بولۇپ چوڭ چاتاق يوق ئىدى. ئۇ
يېنىك بىر تىنىپ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ قىزىنىڭ كىرىشىنى
ساقلىدى. بىر مىنۇتلۇق دادىنىڭ باياتىن بېرى يۈز بەرگەن ئىشقا
قىلچىمۇ كۆڭۈل بۆلمىگەندەك ھالىتىنى كۆرگەن ياش دادا ناھايد-
تى ھەيران قالدى.

كىچىك قىزنى يىغلىغان پېتى كىرىپ كەلدى. بىر مىنۇتلۇق دادا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، قىزنى يىغلىشىغا قويۇپ بەردى. ئۇ يىغلاپ هارغاندىن كېيىن «هېچنېمە بولمىغانسىز؟» دەپ سورىدى.

«هېچنېمە بولمىدىم» دېدى كىچىك قىز «مەن جەينىكىمنى ئۇرۇۋالدىم، بىراق ئېغىر ئەمەس» دېدى.

بىر مىنۇتلۇق دادا قىزنى قوچاقلاپمۇ قويمىدى. تەسەللى بېرىپمۇ قويمىدى. پەقەت «ئۇمسىقىم، سىزنىڭ يەنە ئەم يەردە سىيرىلغۇچ ئوينىغىڭىز بارمۇ؟ ئېخى جەينىكىڭىزگە هېچنېمە تاقىماستىن؟» دەپ سورىدى.

ياش دادا بىر مىنۇتلۇق دادىنى ناهايىتى قاتتىق قول كۆردى. ئەگەردە ئۇ بولغان بولسا، ئاللىقاچان يۈگۈرۈپ چىقىپ قىزنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، يارىسىنى ئاۋايلاپ كۆرۈپ باققان بولاتتى.

قىزچاق بوش ئاۋازدا «ئۇنداق قىلغۇم يوق» دېدى.

بىر مىنۇتلۇق دادا «ئۇنداق قىلغىڭىز يوق شۇنداقمۇ؟ ئەمدى كېلەر قېتىم سىيرىلغۇچ ئوينىغان چېغىڭىزدا قانداق قىلىسىز؟» دەپ سورىدى. كىچىك قىزچاق بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمەي بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى.

بۇ چاغدا دادا كۈلۈپ قويدى ۋە كۆزلىرىگە ياش ئالغان هالدا: «ئەمدى سىز بۇنىڭدىن كېيىن قوللىرىڭىزغا هېچنېمە تاقىماستىن، ئەم يەردە سىيرىلغۇچ ئوينىمايسىز شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىدى.

كىچىك قىزچاقمۇ بۇرۇنلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ كۈلدى. ئارقىدىن قاقاهلاپ كۈلۈپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يۈزلىرىدە يەنىلا مۇنچاق - مۇنچاق ياشلار بار ئىدى. «ئۇنداق قىلمايمەن دادا، ئۇ دېگەن ئەخمەقنىڭ ئىشى ئىكەن» دېدى.

«بۇ گېپىڭىز ناھايىتى توغرا بولدى، سىز دۆت ئەمەس، سىز دې-
گەن ئەقىللىق بالا» دېدى. ئارقىدىنلا قىزچاق دادىسى بىلەن قۇ-
چاقلىشىۋېتىپ، ئاندىن چىقىپ كەتتى.

بىر مىنۇتلۇق دادا ئۆزۈن بىر نەپەس ئېلىۋېتىپ «خۇداغا شۇ-
كۇر، بىر يېرى يارىلانماپتۇ» دېدى.

«راست گەپنى قىلسام، دەسلەپتە سىزنى بىر ئاز رەھىمسىز
كۆرگەنىدىم، باشقا ئادەم بۇنداق كىچىك قىزغا سىزگە ئوخشاش
مۇئامىلە قىلالمايدۇ» دېدى ياش دادا.

«دېگىنىڭىز توغرا» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا ئىقرار بولۇپ. «مې-
نىڭ ئۇسۇلۇم ھەقىقەتەن باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، مېنىڭ
بۇنداق قىلىشىم باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئەھمىيەتلىكرەك بو-
لىدۇ. مەن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھالىدىن قانداق خەۋەر ئېلىشنى ئۆ-
گەتتىم» دېدى.

«مېنىڭچە، ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ھالىدىن ئۆزى خەۋەر ئېلىش-
نى تېزراق ئۆگىنىۋالغىنى ياخشى. مېنىڭ بالىلىرىمغا بولغان ئەڭ
چوڭ بىر ئۈمىدىم، ئۆز - ئۆزۈمگە بولغانمۇ ئۈمىدىم بولسا ياخشى
بولغان پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ چىقىش.

ئۇ يەنە چۈشەندۈرۈپ: «مەن بالىلىرىمنى خۇددى ئەينى چاغدىكى
ماڭا ئوخشاش، ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىرىگە ئاساسەن بۇ نۇقتى-
نى ئۆگىنىۋالسىكەن دەيمەن» دېدى.

«مەن ھەربىر بالامغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىمەن، مېنىڭچە، پە-
قەت ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلىپ كېتەلىشىگە ئىشەنسىلا، چوقۇم
قىلىپ كېتەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى باشقىلارنىڭ قوغدىشىغا
موھتاج ئەمەس، يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، مەن ئۇلارنى ئىقتىدارى
ناھايىتى كۈچلۈك ياشلاردەك كۆرۈپ مۇئامىلە قىلىمەن.

«ئۇلارنىڭ بەزىدە ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى ھېس قىلالمىغاندا-



لىقىنى بايقىغىنىمدا، ئۇلارغا بىر مىنۇتلۇق تەنقىد ئېلىپ بارىمەن.»

«بىر مىنۇتلۇق تەنقىد ئېلىپ بېرىش بولسا، بالىلارغا باشقا خىل ئۇسۇل ئارقىلىق، خاتالىق ئېلىپ كەلگەن ئازابنى ھېس قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. ئەلۋەتتە، خاتالىق سادىر بولغاندا دەرھال تەنقىد ئېلىپ بېرىش كېرەك ھەمدە بۇ خىل تەنقىد ئائىلىدە بىردەبىر، ئايرىم ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

«بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىدىكى سەۋەب» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا، «ئۇ مېنىڭ ئىشلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ھەرقاچان بىلىپ ئىگىلەپ تۇرۇشۇمغا ياردەم بېرىدۇ، يەنى بالىلىرىم تۈز يولدىن چەتنەپ كېتىپ قالسا، دەرھاللا ئۇلارنى ئىزىغا سالىمەن.

«بۇ خۇددى ئامېرىكا دۆلەتلىك ئالەم قاتنىشى ئىدارىسىنىڭ، ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى كونترول قىلىش سىستېمىسى ئارقىلىق، ئاپوللو ئالەم كېمىسىنى ئاي شارىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشقا يېتەكچىلىك قىلغىنىغا ئوخشاش.»

«نېمە گەپ بۇ» دەپ سورىدى بىر مىنۇتلۇق دادا.

«ئامېرىكا ئالەم ئۇچقۇچىلىرى ئولتۇرغان ئاپوللو ناملىق ئالەم كېمىسى كۆپ قىسىم مۇساپىسىدە ئوربىتىدىن چىقىپ كەتكەن» دېدى ياش دادا چۈشەندۈرۈپ.

«راستىما؟» بىر مىنۇتلۇق دادا سورىدى.

ياش دادا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. «ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ئۇ شۇنداق تۇرۇپمۇ ۋەزىپىنى غەلىبىلىك تاماملاپ كەتتۇ. بىر ئامېرىكا پۇقراسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئاشۇ قېتىملىق ئايغا چىقىشتىن قانچىلىك پەخىرلەنگىنىم ھازىرمۇ ئېسىم-

دە» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا.

«بىراق، بۇنىڭ بىر مىنۇتلۇق تەنقىد بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟»

«ئاپوللونىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى مۇھىم ھالقا، پۇتكۇل ئۇچۇش جەريانىدا، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر كۆزىتىلىپ تۇرىدۇ. ھەر قېتىم ئۇ ئوربىتىدىن ئازراقلا يىراقلىشىپ كەتسە، شۇ ھامان تۈزىتىلىپ توغرا بولغان ئوربىتىغا قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ.

«شۇڭا» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا «كىشىلەر ئالەم كېمىسىنى ئوربىتىسىدىن پەقەتلا يىراقلاشتۇرۇپ باقماپتۇ ـ دە.»

«دېگىنىڭىز ناھايىتى توغرا» دېدى ياش دادا. «بىرەر مەسىلە ئەمدى بايقىلىشى بىلەن، ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىنىۋېتىلگەچكە، ئۇلار باشتىن ـ ئاخىرى باشقا چوڭ مەسىلىگە دۇچ كېلىپ باقمىدى.»

ئۆزى بىلىدىغان بىلىملەر ئۈستىدە بىر مىنۇتلۇق دادا بىلەن سۆھبەتلەشكىنىدىن بۇ ياش دادا ناھايىتى خۇشال بولدى. نېمە ئۈچۈندۇر بىر مىنۇتلۇق دادا بىلەن بىللە بولغان چاغدا، بۇ ياش دادا ئۆزىنىڭ كاللىسىنىڭ بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ تېخىمۇ ئەقىللىكلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ياش دادا ئۆزىنىڭ كۆڭۈل سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى قانداق قىلىپ بالىلارنى تەربىيەلەشكە ئىشلىتىشنى ئويلىشىۋاتاتتى.

بىر مىنۇتلۇق دادا، ياش دادىنىڭ ئويلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ «مېنىڭچە سىز مەسىلىنى ئالدىنئالا بايقاشنىڭ مۇھىملىقىنى ئېنىق ھېس قىلىپ بولدىڭىز» دېدى. ئاندىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ «ئۇ ـ

نىڭ ئۈستىگە سىز ماڭا بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگۈزدىڭىز!» دېدى.

ئۇ ياش دادىدىن: «دەسلەپىدە كۆرۈشكەن چېغىمىزدا مېنىڭ سىزگە نېمىلەرنى دېگىنىم ئېسىڭىزدىمۇ؟ مەن سىزگە ‹جاۋابىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولدىڭىز، پەقەت شۇ ئۆزىڭىز ھېس قىلالماي قالدىڭىز› دېگەنىدىم. مېنىڭ يەنە سىزگە ‹ھازىر سىز ئۆزىڭىز ئەسلىدىلا بىلىدىغان نەرسىلەرنى ئەمەلىيەتكە باغلىيالمايۋاتىسىز› دېگىنىم ئېسىڭىزدىمۇ؟» دەپ سورىدى.

«ئەمەلىيەتتە باياتىن بېرىقى ئىپادىڭىز دەل مېنىڭ سىزگە ئېيتماقچى بولغانلىرىمنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

«نەچچە يۈز يىلدىن بېرى، نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى ناھايىتى تالانتلىق قىلىپ تەربىيەلەپ چىقتى.»

«ئۇلارنىڭ بالا تەربىيەلەش ئۇسۇللىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، بىراق ئوخشاش بىر ئىشنى قىلىپ كەلدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرىغا بولغان ئۈمىدىنى بالىلىرىغا ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ ئېيتىپ، بالىلىرىنىڭ ئىپادىسى ياخشى بولغان چاغدا ئۇلارنى ماختىدى. بالىلار خاتا ئىش قىلىپ قويغان چاغدا ئۇلارنى ئۇرماستىن بەلكى ئۇلارغا خاتالىقنىڭ نەدىلىكىنى ئېنىق قىلىپ ئېيتىپ بەردى.

«بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇ ناھايىتى مۇھىم بولغان بىر پاكىتقا ھۆرمەت قىلىدۇ.

ئارقىدىنلا بىر مىنۇتلۇق دادا بىرنەچچە قىزىقارلىق مەسىلىنى

مۇھىمى مېنىڭ بالىغا بولغان كۆز قارىشىم ئەمەس،
بەلكى بالىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىدۇر

ئوتتۇرىغا قويدى: «ئەگەردە مېنىڭ ھەربىر بالام ئۆزىنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىگە، قىممىتى بار ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشەنسە، ئۇ ھالدا ئۇلار قانداق بولار؟ ئەگەردە ئۇلار زوراۋانلىق بولمىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇنۇملۇك ھالدا ئۆزلىرىنىڭ نەپرىتى ۋە غەم قايغۇسىنى ئىپادىلەپ بېرەلىسە، مەسىلەن، بىر مىنۇتلۇق تەنقىد دېگەنگە ئوخشاش، ئۇ چاغدا ئۇلار يەنە قانداق بولار؟»

«مېنىڭ زوراۋانلىق بولمىغان ئۇسۇللار دېگىنىم» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا چۈشەندۈرۈپ «باشقىلارغا ھۇجۇم قىلماسلىق دېگىنىم» دېدى.

«ئەگەر بۇنداق بولسا، سىزنىڭچە ئۇلار جەمئىيەتتىكى مەسىلىسى بار ياشلارغا ئايلىنىپ قالارمۇ؟ ئۇلارغا ئوخشاش كىشىلەر زوراۋان ئېررورچى بولۇپ قالارمۇ؟ ئۇلار قەستەن جېدەل تېرىش ياكى باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق باشقىلارغا قول تەگكۈزەرمۇ؟»

«ئۇنداق بولمايدۇ، مېنىڭچە ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە نورمال ۋە تىنچ بولغان روھىي ھالەت بار.» دەپ جاۋاب بەردى ياش دادا.

«مەن سىزنىڭ پىكرىڭىزگە قوشۇلىمەن» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا. «بىراق سىز بەزى ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى كۆرگەنمۇ؟ مەسىلەن، تاللا بازىرىدا دېگەندەك.»

«سىز ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىغا نىسبەتەن ھەر خىل ئىنكاسلىرىنى دېمەكچى بولسىڭىز، مېنىڭچە مەن كۆپ كۆردۈم. ماڭا تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بولغىنى، بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا ۋارقىراپ - جارقىرايدۇ. ئۇنى ئەسكى بالا دەيدۇ ياكى شۇ يەردىلا ئۇرۇپ سالىدۇ ۋە ياكى بالىلىرىغا سېنى تاللا بازىرىغا تاشلاپ قويىمەن دەپ قورقىتىدۇ» دېدى ياش دادا.

«دېگىنىڭىز توغرا» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا. «بەزىدە بالىلارنىڭ

ئالدىدا سەۋرى ـ تاقەتسىز بولۇپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بىراق، سىز بىزنىڭ بالىلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى ھالىتىمىزنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ بىز خۇددى 20 ئىنگلىزچىسى كېلىدىغان گىگانت ئادەمگە يولۇققاندەك بولىمىز، ئۇ ھەرقاچان بىزگە قاتتىق ئاچچىقلىنىشى مۇمكىن.»

«ئەگەردە بۇ ئىش قورامىغا يەتكەن ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بولۇپ، تاللا بازىرىنىڭ دىرېكتورى كۆرۈپ قالسا، چوقۇم ساقچىغا مەلۇم قىلىدۇ. بىراق قىلچىمۇ قارشىلىق كۆچى بولمىغان بالا بۇ ئىشقا ئۇچراپ قالسا، بىز ئۇ چاغدا قانداق قىلىمىز؟»

«بىز نەزىرىمىزنىمۇ سالمايمىز» دېدى ياش دادا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ. «مەن بۇرۇن دائىم بالىلىرىمغا ۋارقىراپ سالاتتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەكرەك ئاشۇرۇۋېتەتتىم دەڭە!»

«ھەممىمىزنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش كەچۈرمىشلىرى بولۇپ باققان، بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنى بالىلارنى باشقۇرىدىغان بىردىنبىر ئۇسۇل قىلىشتىن ئىلگىرى، مېنىڭ چوڭ ئوغلۇم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ناھايىتى ناچار بولۇپ، ئىككىلىمىز بىر ـ بىرىمىزنى بەكلا ئۆچ كۆرەتتۇق، مەن دائىم رازى بولمىغان ئىشلارنى كۆڭلۈمدە ساقلاپ قوياتتىم، ئەمما بىر مەزگىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ نارازىلىقلار پارتلاپ چىقاتتى. مەندىن بىرنەچچە قېتىم تەنبىھ يې-گەن ئوغلۇم ناھايىتى تېزلا ماڭا گەپ ياندۇرۇشقا باشلىدى.

كۆپلىگەن بالىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئوڭايلا غەزەپلىنىدىغانلىقىنى ھەقىقەتەن چۈشەنمەيمەن. زوراۋانلىق جىنايىتىنىڭ ياشلار ئارىسى-دىكى نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى.»

«بۇ ماڭا بىر تۈرمە باشلىقىنىڭ تېلېۋىزوردا سۆزلىگەن مۇنداق سۆزلىرىنى ئەسلىتىپ قويىدى» دېدى ياش دادا. «تۈرمىدىكى تۈر-مۇشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بۇ ئەمەلدار مۇنداق دەيدۇ: «سو-

قۇشقاق باللار قانچە ئاز بولغانسېرى، جەمئىيەتتىكى زوراۋانلىق جىنايەتلىرىنىڭ قېتىم سانى شۇنچە ئازىيىدۇ» دېگەن.

بىر مىنۇتلۇق دادا ئۈندىمىدى، ئۇ جىمجىت ئولتۇرۇپ باياتىن بېرى ئاڭلىغانلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈۋاتاتتى. ئەگەردە ئۇ باللارنى باشقۇرىدىغان تېخىمۇ ياخشى بولغان ئۇسۇلنى تېپىپ چىقمىغان بولسا، ئۇ چاغدا بۇ ئائىلىدە نېمە ۋەقەلەر يۈز بېرەر بولغىيتتى؟ ئەلۋەتتە ھېچكىم ئۇ ئىشلارنىڭ ئۆزىدە يۈز بېرىشىنى ئۈمىد قىلمايدۇ ـ دە، بىراق ...

«دېمەكچى بولغىنىڭىز» دېدى ياش دادا گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ «بۇ خىل زوراۋانلىق بولمىغان باشقۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئىككى ياخشى تەرىپى بار. ئۇ بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزنى ياخشى تەرەپكە قارىتىپ ئۆزگەرتىدۇ. ئەگەردە كۆپلىگەن ئادەملەر بۇ خىل ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۇسۇل ئارقىلىق باللارنى باشقۇرسا، ئۇ چاغدا جەمئىيەتتىكى «غەزەپلەنگەن ياشلار» بىر ئاز ئازىيىدۇ» دېدى.

«ئەگەردە بىز بۇ خىل باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆز ئائىلىمىزدە ئىشلەتسەك، ئۇ چاغدا باللىرىمىزنىڭ پوزىتسىيەسى ۋە ئىش-ھەرىكىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىدىكى سەۋەب ئۇنىڭ بىر خىل پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى ئىكەنلىكىدە.

«بىر مىنۇتلۇق نىشان بەلگىلەش، بىر مىنۇتلۇق ماختاش ئېلىپ بېرىش ۋە بىر مىنۇتلۇق تەنقىدلەرنىڭ ھەممىسى باللارنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولغان ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.»

«ئەمدى مەن بۇ ئۈچ خىل ئۇسۇلنىڭ مېنىڭ ئائىلەمگە نىسبەتەنمۇ ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە باشلىدىم»

دېدى ياش دادا.

«چوقۇم شۇنداق بولىدۇ» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا جەزملەشتۇرۇپ.

«سىز ھازىر قانداق قىلىشنى بىلىۋالدىڭىز، ئەمدى سىز شۇ بو-يىچە قىلىسىڭىزلا بولىدۇ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى ئۆز-گەرتىش، ئەسلىدىكى ئادەتلىرىڭىزنى ئۆزگەرتىش سىزگە نىسبەتەن بىر سىناق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بىراق بۇ خىل تىرىشىش ھەقىقە-تەنمۇ ئەرزىيدۇ.»

«ئىسىڭىزدە شۇنى ساقلاڭكى» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا سۆزىنى تولۇقلاپ «بۇ ئۈچ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق باللار بىلەن پىكىرلى-شىش پەقەت باللارنى باشقۇرۇشنىڭ بىر قىسمى، بىر ياخشى ئائىلە باشلىقى بولىمەن دەيدىكەنسىز، باللار بىلەن ئاندا - ساندا بىر-ئىككى مىنۇت بىللە بولۇپ قويۇش كۇپايە قىلمايدۇ. بىراق، شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، بىر مىنۇتلۇق پىكىرلىشىش ئۇسۇلى يەنىلا سىزگە كۆپلىگەن ياردەم بېرىدۇ.

«باشقا ئىشلارغا كەلسەك» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ «سىز ئاددىي بولغان يەنە بىر پىرىنسىپنى ئېسىد-ڭىزدە چىڭ ساقلىشىڭىز لازىم. بۇ پىرىنسىپنى مەن ئۆزۈم بايقى-غان بولۇپ، نۇرغۇنلىغان جەھەتلەردە سىزگە ياردىمى بولىدۇ.

ياش دادا «نېمە پىرىنسىپ ئۇ؟» دەپ سورىدى قىزىققان ھالدا.

«باللار ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلسا، مەنمۇ باللارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىمەن، دەپ ئويلايمەن.»

«مەن ھازىر بىر مىنۇتلۇق تەنقىدنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا ئۇ-نۇملۇك بولىدىغانلىقىنى ئاخىر چۈشەندىم. ئۇ ئەمەلىيەتتە ‹سىز باشقىلارنىڭ ئۆزىڭىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىسى-ڭىز، سىزمۇ باشقىلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىشىڭىز كېرەك› دې-گەن ئەقلىيە سۆزگە ماسلىشىدىكەن» دېدى ياش دادا.

«بارلىق ئادەملەر خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ» دېدى ياش دادا، «خاتالىق سادىر قىلغان چېغىمىزدا بىزنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەرنىڭ خاتالىقىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىشىنى ھەمدە بىزگە يەنىلا قىممىتىمىزنىڭ بارلىقىنى ئېيتىشىنى ھەممىمىز ئارزۇ قىلىمىز.»

دەل بۇ چاغدا ياش دادا ناھايىتى غەلىتە بىر ئاۋازنى يەنى بىرەيلەننىڭ ئايروپىلاننىڭ ئاۋازىنى دوراۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئاۋاز بىلەن تەڭ كىرگىنى بۇ ئائىلىنىڭ كىچىك ئوغلى ئىدى. «سىزنىڭ بىر مىنۇت ۋاقتىڭىزنى ئالسام بولامدۇ دادا؟»

دادا «بولىدۇ» دېدى - دە، ناھايىتى تېزلا ئوغلىنىڭ ئايروپىلان مودېلىنى رېمونت قىلىپ بەردى، بالا «رەھمەت دادا» دەپ چىقىپ كەتتى. بىر مىنۇتلۇق دادا ياش دادىغا بۇرۇلۇپ قاراپ: «بىلەمسىز، سىز بىلەن مەن دەل ئوغلۇمنىڭ بۇ ئايروپىلان مودېلىغا ئوخشايمىز» دېدى.

«قانداق دەيسىز؟» دەپ سورىدى ياش دادا.

«بىز بالىلىرىمىزنىڭ ئۈلگىسى، ئۇلار كۆپ چاغلاردا بىزنىڭ دېگىنىمىزنى ئەمەس، قىلغىنىمىزنى قىلىدۇ.»

«بىر مىنۇتلۇق تەنقىد ئېلىپ بارغان چېغىمىزدا، ئۇلار بىزنىڭ ئاچچىقلانغان ياكى ئازابلانغانلىقىمىزنى كۆرۈپ، بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ» دېدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ. «بولۇپمۇ ئۇ بىر قۇرامىغا يەتكەن ئادەم بولغىنىدا» دەپ قوشۇپ قويدى.

«مۇنداقچە ئېيتقاندا» دېدى ياش دادا «بىر مىنۇتلۇق تەنقىد كۆرۈنۈشكە ئاددىي بولسىمۇ، بىراق ناھايىتى ئۈنۈملۈك ئىكەن، سەۋەبلىرىمۇ كۆپ تەرەپلىمە ئىكەن.»

«بالىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى ئۆزگەرتكەندىن

سىرت، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالىدۇ، ئۇلار يەنە ئۆزىنى چۈشىنىشنى ئۆگىنىۋالالايدۇ.»

«سىز ئۆگىنىپ بولدىڭىز» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا.

ئۇ بۇ ياش دادىنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىدىن بەكلا خۇش بولدى.

ياش دادا يېنىككىنە بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ «مەن بۇلارنى قىلالايدىغان ياكى قىلالمايدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن، ئۆزۈم كۆيۈنىدىغان كىشى ئالدىدا، قولۇمنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ تۇرۇپ «مەن سىزنى بەك ياخشى كۆرىمەن» دېيىش ماڭا بەك تەس تۇيۇلىدۇ» دېدى.

بىر مىنۇتلۇق دادا كۈلۈپ كەتتى ۋە «مەن بۇنى ئوڭاي دېگىنىم يوق!» دېدى ئۇ، بىر ئاز توختىۋېلىپ ئويلانغاندىن كېيىن «بۇ ئۇسۇلنى بىرىنچى قېتىم قوللانغان ۋاقتىمدىكى ھېسسىياتىم ھازىرمۇ ئېسىمدە. شۇڭا، مەن سىزنى ناھايىتى چۈشىنىمەن» دېدى.

«مەن تۇيۇقسىزدىن ئائىلىنىڭ بىردىنبىر ئائىلە باشلىقى بولۇپ قالدىم، بەش بالام بار، چوڭ ئوغلۇم بىلەن چوڭ قىزىم ئۇن نەچچە ياشقا كىرىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىگە ۋە ماڭا ماسلىشالمىغاندەك بولۇپ قالغانىدى. مەن بولسام بارلىق ئىشلارغا نىسبەتەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالغانىدىم.»

«ئۇنداقتا سىز قانداق قىلدىڭىز؟» دەپ سورىدى ياش دادا.

بىر مىنۇتلۇق دادا مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ: «مەن ھەر خىل ئوخشاش بولمىغان تاللاشلارغا يولۇقتۇم.»

«قانداق تاللاشلار ئۇ؟» دەپ سورىدى ياش دادا.

«سىز ئېيتىپ بېقىڭە» دېدى بىر مىنۇتلۇق دادا «ئەگەر دە سىز بولغان بولسىڭىز قايسىلىرىنى تاللىغان بولاتتىڭىز؟»

«بەلكىم ھېچقانداق ئىش قىلماسلىقىم ياكى داۋاملىق ھالدا بۇ-

رۇنقى ئۇسسۇل ئارقىلىق بالىلارنى تەربىيەلىشىم مۇمكىن ۋە ياكى يېڭى ئۇسسۇل قوللىنىش ئارقىلىق، ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارارمەن ...»

«ئەگەردە سىز ئالدىنقى ئىككى خىل ئۇسۇلنى قوللانسىڭىز، سىزنىڭچە ئايالىڭىز ۋە بالىلىرىڭىز قانداق قىلار؟» دەپ سورىدى بىر مىنۇتلۇق دادا.

«بەلكىم ئانچە ياخشى كۆرمەس» دەپ جاۋاب بەردى ياش دادا كۈ-لۈپ تۇرۇپ.

«ئۇنداقتا سىز قانداق تاللايسىز؟» دەپ يەنە سورىدى بىر مىنۇت-لۇق دادا.

ياش دادا ئويلىنىپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا: «مەن ئۇسۇلنى ئۆزگەر-تىشكە ئۇرۇنۇپ باقىمەن» دېدى.

بىر مىنۇتلۇق دادا بېشىنى سوزۇپ يۇقىرى ئاۋازدا «نېمە دېدى-ڭىز؟» دەپ سورىدى.

ياش دادا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە «مەن بىر ئاز قورقۇنچاق، شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىدى.

«ئۆزىڭىزدىكى بېسىمنى تاشلىۋېتىڭ، ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى نۇقسانسىز قىلىمەن دەپ ئويلىماڭ. خاتالىق سادىر قىلىشتىن ئەنسىرىمەڭ، سىز چوقۇم خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىسىز، ئەڭ مۇ-ھىمى، ئىشلارنى سىز ھازىر ئۆزىڭىزنىڭ بىلىدىغانلىرى بويىچە قىلىشقا تىرىشىڭ» دەپ جاۋاب بەردى بىر مىنۇتلۇق دادا.

ياش دادا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ رەھمە-تىنى بىلدۈردى ھەمدە ئىشلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا ۋاقتىدا ئېيتىپ تۇرۇشقا ۋەدە بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلدى.



# بالىغا ئەڭ ياخشى سوۋغا بېرىش

ياش دادا كونا پاتقاندا ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئايالى تەقەززالىق بىلەن «قەدىرلىكىم، بىرەر ئامال تاپتىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدى.

ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «سىز چوقۇم ئىشەنمەيسىز، دەسلەپتە مەنمۇ ئىشەنمىگەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ماڭا ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى مەن بۇرۇنلا بىلەتتىم. بىراق ئۇ بولارنى ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر ئالماشتۇرىدىغان ئاددىي بولغان ئۈچ تۈرلۈك پرىنسىپقا يىغىنچاقلاپتۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئۈنۈملۈككەن!» دېدى.

«مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگۈچە ئىشەنمەيمەن، ئۇلار پىكىر ئالماشتۇرۇشقا ئائىت ئۇسۇللار بولغاندىن كېيىن، قېنى مەن داۋاملىق ئاڭلاپ باقاي!» دېدى ئايالى كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇلار بىر چەينەك قەھۋە قايىنىتىپ ئىچكەچ، يېرىم كېچىگىچە مۇڭداشتى. ئايالى يولدىشىنىڭ گەپلىرىنىڭ ناھايىتى ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەمەلىيەتتە ئەر ـ ئايال ئىككىسى بۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرنى بۇرۇندىن تارتىپ مۇزاكىرە قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

بىراق، ئىلگىرى ئۇلار ئۆيلىغانلىرىنى ئەمەلىيەتكە قانداق تەدبىقلاشنى بىلمەيتتى.

«بىراق، سىز ئېيتقان ئۇسۇلغا نىسبەتەن مېنىڭ يەنە بىر گۇمانىم بار» دېدى ئايالى.

«بىر مىنۇتلۇق دادا ياكى بىر مىنۇتلۇق ئانا دېگەندەك بۇ ئېيتىلىشلار ئانچە توغرا بولۇپ كەتمەيدىكەن. ئاتا ـ ئانا بولغان ئادەم كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ بالىلار بىلەن بىللە بولغىنى ياخشى.»

ياش دادا بۇ گەپكە قوشۇلدى. «مەن قايتىدىغان چاغدا بىر مىنۇتلۇق دادىمۇ ماڭا شۇنداق دېگەن، بۇ خىل پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۇ-

سۇلى بىزنىڭ ئېخىمۇ كۆپ ۋاقىت چىقىرىپ باللار بىلەن بىر-لىكتە باشقا مۇھىم بولغان ئىشلارنى قىلىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ.»

ئايالى ئويلىنىپ قالدى. «ئەگەر مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، مې-نىڭچە بۇ خىل ئۇسۇل يامان ئەمەس ئىكەن» دېدى ئۇ يولدىشىغا تىكىلىپ تۇرۇپ ۋە ئارقىدىن «بۇنداقلا بولىدىغان بولسا، بىزنىڭمۇ بىرگە بولىدىغان ۋاقتىمىز كۆپ بولىدىكەن» دېدى.

ئىككىنچى كۈنى، ياش دادا ئۆزى ئۆگەنگەن نەرسىلەرنى ئەمەلى-يەتتە كۆرسىتىشكە باشلىدى. باشلىنىشىدا ئانچە ئوڭايغا توختى-مىدى. ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى ناچار قىلغاندەك ھېس قىلدى. باللار-مۇ دائىم ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى بىلەلمەي قالاتتى. لې-كىن، ئايالىنىڭ ماسلىشىشى ۋە ياردىمى ئاستىدا، ئۇ ئاخىر مۇۋەپ-پەقىيەت قازاندى.

ئۇمۇ بىر مىنۇتلۇق دادا بولدى. بۇ ئۇنىڭ قانداق قىلىشنى بىل-گەنلىكىدىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭ بۇ ئۇسۇللار بو-يىچە ئىش كۆرگەنلىكىدىن بولدى.

ئۇ باللىرى بىلەن بىللە بىر مىنۇتلۇق نىشان تۈزدى.

ئۇ باللىرىغا بىر مىنۇتلۇق ماختاش ئېلىپ باردى.

ئۇ باللىرىغا بىر مىنۇتلۇق تەنقىد ئېلىپ باردى.

ئۇ باللىرىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئاددىي، ئۇدۇللا قىلىپ بولغان ئىشلارنى بايان قىلدى. ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ئېنىق ئىپادىلىدى. ئۆزىنىڭ خاتالىقىغا نىسبەتەن كۈلۈپلا ئۆتكۈزىۋەتتى.

ئەڭ مۇھىمى شۇكى، ئۇ باللىرىنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى.

ئۇ ھەتتا بىر مىنۇتلۇق تەربىيەلەش ئۇسۇلىنىڭ تاكتىكىسىنى

يەكۈنلەپ چىقتى. ئۇ بۇ تاكتىكىنى كۆپەيتىپ بېسىپ چىقىپ، با-لىلىرىغا بىر پارچىدىن بېرىپ، تۇرمۇشىنىڭ پەقەت كىشىلەرنىڭ ئەتىۋارلىشى ۋە ھۆرمەتلىشىگە سازاۋەر بولىدىغان ناھايىتى قىم-مەتلىك بولغان بىر قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە بولۇپلا قالماس-تىن، بەلكى يەنە كىشىلەرنى خۇشاللىققا ئېرىشتۈرەلەيدىغان بىر مەيدان قىزىقارلىق ئويۇن ئىكەنلىكىنى ئۆزى ۋە بالىلىرىنىڭ سە-مىگە سىڭدۈرۈپ تۇردى.

**بىر مىنۇتلۇق دادىنىڭ «تاكتىكىلىرى»**

مەن بالىلىرىمنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ تۇرغۇزۇشىغا ۋە ئۆ-زىنى تىزگىنلەشنى ئۆگىنىۋېلىشىغا ياردەم قىلىمەن.

مەنمۇ بۇ جەرياندىن خۇشاللىققا ئېرىشىمەن.

● مەن بالىلىرىمنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە قارىتا نىشان تۈزد-مەن، ماختايمەن ۋە تەنقىدلەش ئېلىپ بارىمەن.

● مەن ۋەقەلىكنى ئاددىي قىلىپ چۈشەندۈرىمەن. ئۆز كۆڭلۈمە-نى ئېنىق قىلىپ ئىپادىلەيمەن.

● مەن دائىم بالىلىرىمنى قۇچاقلاپ تۇرىمەن، ئۇلار بىلەن بىللە خۇشاللىققا چۆمىمەن.

مەنمۇ بالىلىرىمنى ماڭا ئوخشاش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىمەن.

| باشلىنىش | |
|---|---|
| نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش | يېڭى نىشان بەلگىلەش |
| بىر مىنۇتلۇق نىشان<br>بىر نىشان دېگىنىمىز بىر دانە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋاقىت چەكلىمىسى بولغان ئارزۇ ئۈمىدتۇر.<br>(بىر ۋاراق قەغەزگە يېزىلىدۇ، بىر مىنۇتتا ئوقۇپ بولىنىدۇ) | |

| | |
|---|---|
| نىشان ئەمەلگە ئاشمىدى، مەغلۇپ بولدى.<br>نىشانغا قايتىپ بېرىپ، بىر مىنۇتلۇق تەنقىد ئېلىپ بېرىلىدۇ<br>√ مەن بالىلىرىمنىڭ ياخشى بولمىغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى تەنقىدلەيمەن.<br>√ مەن بالىلىرىمغا ئۇلارنىڭ نېمىنى خاتا قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىمەن<br>√ مەن ئۆز كۆڭلۈمدىكىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىمەن.<br>√ مەن ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ياخشى بالا ئىكەنلىكىنى، ئۇنداق ئىشلارنى قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى، ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى، بىراق ئىش ـ ھەرىكىتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ئېيتىمەن.<br>√ بالىلىرىمنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ ئۇلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئېيتىمەن.<br>√ ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات.<br>يېڭىدىن باشلىنىدۇ | نىشان (قىسمەن) ئەمەلگە ئاشتى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.<br>بىر مىنۇتلۇق ماختاش ئېلىپ بېرىلىدۇ<br>مەن بالىلىرىمنىڭ ياخشى بولغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ماختايمەن.<br>√ مەن بالىلىرىمغا ئۇلارنىڭ نېمىنى توغرا قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىمەن.<br>√ مەن ئۆز كۆڭلۈمدىكىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىمەن.<br>√ مەن بىر ئاز توختىۋېلىپ، ئۇلارغا مېنىڭ ھازىرقى ھېسسىياتىمنى ھېس قىلغۇزىمەن.<br>√ بالىلىرىمنى قۇچاقلايمەن.<br>√ مەن بالىلىرىمغا ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئېيتىمەن.<br>مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن داۋاملىق ئالغا بېسىش كېرەك! |

كۆپ يىللار ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ياش دادىمۇ ياشاندى. ئۇ بىر مىنۇتلۇق ئۇسۇلنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلىغان ئاشۇ چاغلارنى ئويلىغىنىدا، ئۆزىنىڭ بىر مىنۇتلۇق دادىنىڭ ئۆگەتكەن نەرسىلىرىنى ئەستە ساقلىۋالغانلىقىدىن بەكلا خۇش بولاتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ خاتىرىلىرىنى بىر توپلام قىلىپ يېزىپ چىقىپ، ئۆزىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ كەلگەن ئاشۇ كىشىلەرگە بەردى.

ئەڭ دەسلەپتە ئۇنىڭغا بىر مىنۇتلۇق دادىنى تونۇشتۇرغان ھېلىقى دوستى ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى. ئۇ دوستىدىن كىتاب لازىم ياكى لازىم ئەمەسلىكىنى سورىدى.

كېيىن ئۇ دوستى تېلېفون قىلىپ ئۇنىڭغا «مەن سىزدىن كۆپ تەشەككۈر، مەنمۇ ھازىر بۇ ئۈچ خىل بىر مىنۇتلۇق ئۇسۇلنى قوللىنىۋاتىمەن، ئۇلار راستتىنلا مېنىڭ ئائىلەمنى كۆپ ئۆزگەرتتى» دېدى.

بۇ ياش دادا باشقا دادىلارنىڭمۇ بىر مىنۇتلۇق ئۇسۇلنى ئىشلىتىشكىنىدىن ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇ خاتىرىلەرنى تارقاتقىنىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدى.

بىر مىنۇتلۇق ئۇسۇلنىڭ خاتىرىسىگە ئېرىشكەن ئۇ كىشىلەر، ئۆزىنىڭ سۇرئىتىگە ئاساسەن بۇ ئۇسۇللارنى پۈتۈنلەي چۈشەنگىچە تەكرار ئوقۇپ ئۇلارنى ئەمەلىي تۇرمۇشىدا ئىشلەتتى.

بۇ يېڭى بىر مىنۇتلۇق دادا، يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن چاغدا، توختىماي ئۇزۇكسىز ھالدا تەكرار قىلىپ بېرىشىنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى ئېنىق بىلەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي، نۇرغۇن قوشنىلىرىمۇ بىر مىنۇتلۇق ئاتا - ئانىغا ئايلاندى. بەزى ئاتا - ئانىلار ھەتتا بۇ ئۇسۇللارنى ئۆزلىرىنىڭ قورامىغا يەتكەن بالىلىرىغا تونۇشتۇردى. بۇ بالىلارمۇ بۇ ئۇسۇللارنى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە تونۇشتۇردى.

ئۇزاق ئۆتمەي، پۈتۈن مەھەللىدە ئۆزگىرىش بولدى. بۇ يەردىكى كىشىلەر تېخىمۇ ئىناق، خۇشال - خۇرام ياشايدىغان بولدى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، يېڭى بىر مىنۇتلۇق دادا ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ناھايىتى تەلەيلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ قىسقا ۋاقىتتا ئەڭ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىگە بىر سوۋغات تەقدىم قىلدى. ھازىر ئۇنىڭ پىكىر قىلىش ۋە ئائىلىسىدىكىلەر ئېھتىياجلىق بولغان ياردەمنى قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ۋاقتى بار بولدى، ئۇنىڭ يەنە، سالا -

مەتلىكى ئۇچۇن چىنىقتۇرۇشقىمۇ ۋاقتى بار بولدى.

ئۇ باشقا دادىلارغا ئوخشاش جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە غايەت زور بېسىم ھېس قىلمايدىغان بولدى.

ئۇ خاتىرجەم تۇرمۇشىنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىنى تېخىمۇ ياخشى، تې-خىمۇ ئۇزۇن قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئۇ ئۆيلىرىدە بىر مىنۇتلۇق ئۇسۇلنى قوللانغان ئاشۇ ئادەملەر-نىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش خاتىرجەم ۋە خۇشال ئۆتۈۋاتقانلىقىنى بىلدى.

ئۇنىڭ ھەر ئىككىلا بالىسى ئۆزىنى قەدىرلەش ۋە ئۆزىنى تىز-گىنلەشنى ئۆگىنىۋالدى. ئۇلار باشقا ئائىلىلەرگە ئوخشاش بىر تو-قاي مەسىلىلەرگە يولۇقمىدى. ئائىلىلەردىكى ساقلىنىشقا بولماي-دىغان ئۇششاق - چۈششەك ئىش ۋە غەمدىن باشقا، ئۇنىڭ ئائىلىسى ناھايىتى ئىناق - ئىجىل، شاد - خۇرام ئىدى. كۆڭۈللۈك بولغان ئائىلە ئېلىپ كەلگەن خاتىرجەملىك ۋە قانائەتنى، ھازىر پۈتۈن ئا-ئىلە كىشىلىرى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى.

ئويلاپ بۇ يەرگە كەلگەندە، يېڭى بىر مىنۇتلۇق دادا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئورۇندۇقتىن قوپۇپ، ئۆي ئىچىدە مېڭىشقا باشلىدى.

ئۇ يەنە چوڭقۇر خىيالغا پاتتى.

ئاددىي بىر ئادەم (ئەر) ياكى بىر دادا بولسۇن، ئۇ ئۆزىدىن ناھا-يىتى رازى ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلىگە بولغان غەمخورلۇقى ئۇنىڭغا كۆپ جاۋاب قايتۇرغانىدى. يەنى ئۇ ئائىلىدىكى ھەربىر ئادەمنىڭ مۇھەب-بىتى ۋە تەشەككۇرىگە ئېرىشتى.

بالىلىرى ئۆزىنى قەدىرلەش ۋە ئۆزىنى تىزگىنلەشنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىمۇ يۇقىرى ئۈنۈملۈك دادىغا ئايلانغانىدى.

ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان تۇيغۇسى بەك ياخشى ئىدى.

دەل بۇ چاغدا، ئۇ ئايالىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. «كەچۈرۈڭ، دەخلى قىلىپ قويدۇم قەدىرلىكىم، بىر ياش خانىم تېلېفون قىلىپ بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ بىز بىلەن بالىلارنى قانداق تەربىيەلەش ھەققىدە پاراڭ سېلىشقۇسى بارلىقىنى ئېيتتى.»

يولدىشى بىلەن بالىلىرى ئارىسىدىكى پىكىر ئالماشتۇرۇشنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى ياخشىلىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئايالمۇ بىر مىنۇتلۇق ئۇسۇلنى ئىشلىتىشكە باشلىغانىدى. ئۇ ھازىر تەشەببۇسكارلىق بىلەن «ئەگەر سىز ماقۇل كۆرسىڭىز، مەن سىلەر بىلەن بىللە مۇلاھىزە قىلسام» دېدى.

«شۇنداقمۇ سۆيۈملۈكۈم؟ بەك ياخشى بولدى، ئۇنداقتا بىز ئايرىم-ئايرىم ھالدا دادا ۋە ئانىنىڭ نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئۇ خانىم بىلەن بىزنىڭ قانداق قىلىپ ئوخشاش بولمىغان ئاماللار ئارقىلىق بىر مىنۇتلۇق ئۇسۇلنى قوللىنىپ ئاخىردا ئوخشاشلا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەنلىكىمىز توغرىسىدا سۆزلىشەيلى» دېدى يولدىشى.

يېڭى بىر مىنۇتلۇق دادا كۆپلىگەن ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى باشلىغىنىدىن ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى ئەينى چاغدىكى ئۆزىگە ئوخشاش، بالىلارنى تەربىيەلەشتىكى تېخىمۇ ياخشى ئۇسۇللارنى تەقەززالىق بىلەن ئۆگەنمەكچى بولۇشقانىدى.

ئۇنىڭ ئائىلىسى ھازىر ناھايىتى بەختلىك، ئائىلە كەيپىياتىمۇ ناھايىتى جانلىق ئىدى. بالىلارمۇ ئۆيدىكىلىرى بىلەن بىللە بولۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ دوستلىرىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشنى ياقتۇراتتى، بۇنداق بىر ئائىلىدە دادا بولۇش ھەقىقەتەن ناھايىتى خۇشال بولىدىغان ئىش ئىدى.

«بىز سىزنى ھەرقاچان قارشى ئالىمىز» دېدى ئۇ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار مېھمىنىنى يەنى ناھايىتى ئەقىللىك بولغان ياش بىر خانىمنى كۈتۈۋالدى. «بىز ئۆزىمىزنىڭ بالا تەربىيەلەش مەخپىيەتلىكىمىزنى سىز بىلەن ئورتاق بەھرىلەنگەنلىكىمىزدىن ناھايىتى خۇشالمىز» دېدى يېڭى بىر بىر مىنۇتلۇق دادا.

«مېنىڭ سىزگە پەقەت بىرلا تەلىپىم بار»

«نېمە تەلەپ؟» دەپ سورىدى مېھمان.

«ناھايىتى ئاددىي» دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

«سىز چوقۇم... »

## ئۇنىڭدىن باشقىلار بىلەن ئورتاق بەھرىمەن بولسىڭىز

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئوبۇلقاسىم ئەمەت



ISBN 978-7-5466-1254-6

9 787546 612546 >

定价：10.00 元